مەملىكەت بويىچە 100 نوپۇزلۇق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# 麦拉斯
# MIRAS



# مىراس

3
2016

ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىملىرى



# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2016 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمىي 155 ـ سان)

## يورۇق يۇلتۇزلار


تالانتلىق سەنئەتكار ـــ زىكرى ئەلپەتتا ..........................
.......................... ئابلىمىت سادىق، مەمتىمىن ھوشۇر (1)


## ۋەسىقىلىرىمىز


بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى .......................... پېتىر سىمە (گېرمانىيە) (15)


## دەۋر ۋە ئەنئەنە


سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىدىيەسى ۋە ئۇيغۇر فولكلورى ...
.......................... بۇخەلچەم ئابدۇرېھىم (23)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۇيغۇر خەلق داستانى «تاھىر ـ زۆھرە» بىلەن ئالتاي ئېپىك داستانلىرىدىكى «كۆزۈيكە داستانى»نىڭ سېلىشتۇرمىسى ......... ئىبراھىم دىلەك (تۈركىيە) (27)
نان مەدەنىيىتىمىز .......................... ئابدۇغېنى ئوسمان (73)





نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## مىراسلىرىمىز

كۇچا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر سەنئىتى ـــ كىگىزچىلىك ... قۇربان كبىر (36)

## ماكانىمىز

مۇز داۋان يولىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭلەر ............... مامۇت قۇربان (39)
ساقا ........................................... سەمەت ئەسراتۇرا (58)
قەدىمىي لۈش مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ...... مەتسەئىدى مەتقاسىم (66)

## ئادەت قېرىماس

پەيزاۋات فولكلور مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر ...............
........................ تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش (46)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 33 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 33 يىللىق شانلىق تارىخىدا 155 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 33 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: خۇرسەنئاي مەمتىمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «مۇڭ» مىنياتۇرا رەسىم نەۋبەت سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئېلىجان ئىسمائىل تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Memtimin

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

社长，总编：
阿扎提·苏里坦
教授，博导
副社长，副总编：
木合塔尔·买买提
（编审，法人代表）
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明（编缉）
编缉：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# تالانتلىق سەنئەتكار ـــ زىكرى ئەلپەتتا

ئابلىمىت سادىق، مەمتىمىن ھوشۇر

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** ماھىر چالغۇچى، تالانتلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى، مۇقام ئۇستازى زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىلدىن ئاشتى، بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋاپاتىغا 30 يىل بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەرھۇمنىڭ سەنئەت ھاياتىنى ئەسلەش ۋە خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئاتاقلىق ژۇرنالىست، شائىر ئابلىمىت سادىق ئاكا بىلەن ئاتاقلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان سۆھبىتىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.



ئابلىمىت: مەمتىمىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار، سىز بىلەن مەن ئولتۇرۇۋاتقان مۇشۇ قورۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى كۆپنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شەخسەن ئۆزى كۆڭۈل بۆلۈپ تەستىقلەپ بېرىشى بىلەن سېلىنغان. ئەينى يىللاردا مۇنداق كۆركەم ئۆيلىرى بار چىرايلىق قورۇ ئۈرۈمچىدە كەم ئۇچرايتتى. بۇ ھويلىدىكى ئۆيلەردە ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىر، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، داڭلىق شائىرىمىز تېيىپچان ئېلىيېف، ئەلقەم ئەختەم، ياسىن خۇدابەردى، ئابلىز نازىرى، شائىر ۋە ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا، رەخمىتۇللا جارى، تالانتلىق سەنئەتكار زىكرى ئەلپەتتا، قازاق يازغۇچىسى رەخمىتۇللا ئەپشە، قازاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شائىرى قۇرمانئەلى، ئۆمەر غازى ئايتان، داڭلىق ماناس-
چى يۈسۈپ ماماي، شۋە يازغۇچىسى گۇ جىنەن، جاڭغىر
تەتقىقاتچىلىرى باتا، جامسا، مۇقام تەتقىقاتچىسى ۋەن
تۇڭشۇ، ئاتاقلىق تەرجىمان خاۋ گۇەنجۇڭ قاتارلىق يۇقى-
رى ئابرۇيى ۋە ئىناۋەتكە ئىگە ھەر مىللەت زىيالىيلىرى
ئولتۇرغان. شۇڭا ئۇرۇمچى يەنئەن يولىدىكى بۇ 44-نو-
مۇرلۇق قورۇ (ھازىرقى 872-قورۇ) نىڭ يىراق-يېقىنغا
خېلىلا داڭقى بار ئىدى. قورۇ دەرۋازىسى ئۈستىدە
«ئالىي مۇتەخەسسىسلەر ئولتۇراق رايونى» مۇ، «ئالىي زى-
يالىيلار قورۇسى» مۇ ئەيتاۋۇر شۇنداق بىر تاختىسىمۇ بو-
لىدىغان. بۇ ھويلىدا ئولتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن تۆھپى-
كارلىرىمىزنىڭ ھەر بىرىنىڭ ھاياتىنى يازساق بىردىن
كىتاب بولىدۇ. بۈگۈن سىزنى چاقىرغىنىم، ماھىر چالغۇ-
چى، تالانتلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى، مۇقام ئۇستازى
زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىلدىن ئاشتى،
ۋاپاتىغا نەق 30 يىل بولدى. زىكرىكام 1986-يىلى 4-
ئاينىڭ 1-كۈنى، مۇشۇ قورۇدىكى 3-بىنا، 1-قەۋەت،
ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيدە ئالەمدىن ئۆتكەن. «4-ئاينىڭ 1-
كۈنى» خەلقئارا ئالداش بايرىمى ھېسابلىناتتى، زىكرىكام-
نىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندا بىر-بىرىمىز-
گە: ئىلاھىم، بۇ شۇم خەۋەر يالغان بولۇپ قالسىكەن، دې-
يىشكىنىمىز ئېسىمدە، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا 30 يىل بولغان
بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتىنى ئەسلەپ
سۆھبەت ئېلىپ بارساق، مەرھۇم ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىر
خاتىرىلەش بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن.

مەتتىمىن: ياخشى ئويلاپسىز، مېنىڭ ماتېرىياللاردىن
كۆرۈشۈمچە، ئەينى ۋاقىتتا زىكرىكام جۇڭگو خەلق سىيا-
سىي مەسلىھەت كېڭىشى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزا-
سى، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى 5-نۆ-
ۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتلەر ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئە-
دەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى،
جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى (ھازىرقى
شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى) نىڭ پەخرىي رەئىسى قا-
تارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەنىكەن. زىكرىكامنىڭ بىز
بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىششى سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن
غايەت چوڭ يوقىتىش ئىدى، ئېسىمىزدە بولسا كېرەك،
شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە مەرھۇمغا ئاتاپ كاتتا تەزىيە يىغى-
نى ئۆتكۈزۈلگەنىكەن.

ئابلىمىت: شۇنداق، خەلق سەنئەتكارى زىكرى



زىكرى ئەلپەتتا (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن 4-كىشى) 1937-يىلى ئىلى سانائىي نەپىسە كوللېكتىپى بىلەن بىللە)

ئەلپەتتانىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئالدىدىكى ئىناۋىتى،
سەنئەت ساھەسىدە تۇتقان ئورنى، خەلقنىڭ قەلبىدىكى
ھۆرمىتى كىچىك ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەرھۇمە-
نىڭ مېيىتى ئالاھىدە ئۇزىتىلىپ، ئۇلامايىدىكى ئىنقىلابىي
قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان. مەرھۇمنىڭ تەزىيە يە-
غىنى ئېسىمدە قېلىشىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي
كېڭەش زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن. تەزىيە يىغىنىغا ئاپتونوم را-
يوننىڭ ئەينى يىللاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى-
دىن جانابىل، قەييۇم باۋۇدۇن، فىلىڭ داجىن، زاھىر ساۋدا-
نوپ، ئابلىز مۇھەممەد، ماھنۇر قاسىم، ئىسمائىل ياسىنوۋ
قاتارلىق كىشىلەر ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللى-
رى، ھەر ساھە ۋەكىللىرى، مەرھۇمنىڭ تۇغقان، دوست-
بۇرادەرلىرى بولۇپ نۇرغۇن كىشى قاتناشقان، ئاپتونوم
رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەينى
يىللاردىكى رەئىسى ياسىن خۇدابەردى تەزىيە سۆزى
سۆزلىگەن. مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى
دېڭ لىچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى، مەملى-
كەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شە-
ھىدى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسما-
ئىل ئەھمەد، ئاپتونوم رايوننىڭ بېيجىڭدا مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان رەئىسى تۆمۈر
داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر ھەمدە جۇڭگو ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى،
ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ قاتارلىق ئورۇن ۋە
شەخسلەر تەزىيە تېلېگراممىلىرى ئەۋەتكەن.

مەھتىمىن: زىكرىكام ۋاپاتىدىن كېيىن، زۇنۇن قادىر،
ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، ۋەن تۇڭشۇ، تې-
يىپجان ھادى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى»
ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىلىدىكى سانلىرىدا زىكرى ئەلپەتتا ئاكى-
نىڭ خەلقنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى، كىشى-
لىك پەزىلەتلىرىنى ئەسلەپ يازغان ماقالىلىرىنى ئوقۇغانى-
دىم، شائىرلىرىمىز زىكرىكامغا ئاتاپ شېئىرلارنىمۇ ئېلان
قىلغانىكەن.

ئابلىمىت: ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر يۇرت ناخشا-
مۇزىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ شەكىللىنى-
شى شۇ مىللەت، شۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى،
تارىخىي سەزگۈرەشتىلىرى، ئۆرپ-ئادىتى، شۇ يۇرت
خەلقىنىڭ پىسخىك خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولۇپلا قالماستىن، شۇ ناخشا-مۇزىكىنى ئىجاد قىلغۇچى-
نىڭ سەزگۈرەشتىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە.
شۇڭا سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ تارىخىنى، سەزگۈرەشتىلىرىنى
بىلىش ناخشا-مۇزىكىلىرىمىز تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولماي-
دىغان ھالقا ئىدى. ئەپسۇس، بۇ جەھەتكە بىز ئەزەلدىن
سەل قاراپ كەلدۇق. نۇرغۇن تالانتلىق ئىجادىيەتچىلىرى-
مىزنىڭ نام-شەرىپى تارىخ چاڭ-توزاڭلىرىغا كۆمۈلۈپ
كەتتى... مەھتىمىن، سىز ئاتاقلىق ناخشىچىمىز ئابدۇۋەلى
جارۇللايوپ ھەققىدە «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» ناملىق
بىيوگرافىك قىسسە يېزىپ مانا مۇشۇ جەھەتتە ئەھمىيەتلىك
بىر قەدەم تاشلىدىڭىز، بۇ كىتابىڭىزدا سىز تۇنجى بولۇپ
زىكرىكام ھەققىدە مەلۇم ئۇچۇرلارنى بەرگەنسىز، ئابدۇ-
ۋەلىكام توغرىسىدىكى بۇ كىتابىڭىز ناھايىتى ياخشى يېزىل-
غان. ئەسلىدە زىكرى ئەلپاتتانىڭ سەنئەت ھاياتىغا بېغىش-
لانغانمۇ شۇنداق بىر كىتاب يېزىلىشى كېرەك ئىدى.

مەھتىمىن: توغرا ئېيتتىڭىز، زىكرىكامنىڭ ئىش ئىزلى-
رىمۇ بىر كىتابقا ماتېرىيال بولۇپ ئېشىپ قالاتتى، زىكرى
ئەلپەتتا بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ھەر ئىككىلىسى
ئۇيغۇر سەنئىتىمىزنىڭ كاتتا يېتەكچىلىرىدىن. ئابدۇۋەلى
جارۇللايوپ ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى، داڭلىق دىراما
ئارتىسى، مەشھۇر جامائەت ئەربابى؛ زىكرىكاممۇ داڭلىق
خەلق ناخشىچىسى، ماھىر چالغۇچى، بۈگۈنكى زامان تىيا-
تىرچىلىقىمىزنى تىكلىگۈچىلەرنىڭ بىرى. مۇھىمى ئۇ
پىشقان مۇزىكا تەتقىقاتچىسى، تالانتلىق ئىجادىيەتچى،
مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا ۋە روزى تەمبۇرلاردىن
كېيىن يېتىلىپ چىققان كاتتا مۇقامشۇناس. مېنىڭ زىكرىكام
توغرىسىدا كىتاب يازغۇم بار ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ
پۇرسەت ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ
ئاكا بىلەن مەن غۇلجا شەھىرىنىڭ «ئۈچ دەرۋازا» مە-
ھەللىسىدە يېقىن قوشنىلاردىن ئىدۇق. مەن ئابدۇۋەلىكام
بىلەن كۆپ ئۇچراشقان، كۆپ مۇڭداشقان، زىكرىكام
بىلەن مۇنداق ئەسرالىشىش پۇرستى بولمىدى. زىكرىكام
غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەن 1959-يىللىرى
مەن تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى
ئىدىم. يىللار ئۆتتۈپ مەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئاكا
توغرىسىدىكى كىتابىمنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، مەتبۇئەگە تاپ-
شۇرۇپ بولغىچە زىكرىكام ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىشلار شۇنداق بولىدىكەن. بەزىدە بىز بىر ئىشلارنى قىلماقچى بولۇپ، تەرەددۇتلىنىپ ئۆزىمىزنى ئۇ ئىشقا بولغىچە تەقدىرنىڭ كۈتمىگەن باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بولۇپ بولىدىكەن. «ئاپلا!» دەپ ساقالنى سىيپاپلا قالىدىكەنمىز.

ئابلىمىت: سىز «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى»، «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى»، «ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ هازىرقى زامان ئىلى سەنئەت پېشۋالىرىنىڭ ئابىدىسىنى تىكلىدىڭىز. سىزنى ئىلى ناخشا- مۇزىكىلىرى ۋە ئىلى ئۇسلۇبىدىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ئىزدەنگەن كىشى دېيىشكە بولىدۇ. جۈملىدىن بۇ كىتابلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدە زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتىڭىز، بۇ جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىڭىزنىڭ قىممىتىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىڭىزنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ.

مەمتىمىن: رەھمەت، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئىلىنىڭ بۈگۈنكى زامان سەنئەت ئىشلىرى ئۈستىدە توختالغاندا زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنى ھەرگىز ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ... ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ھاياتىغا بېغىشلانغان «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» ناملىق كىتابىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن باشقىلار مېنى ئىلىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان يىغىلىشلارغا چاقىرىدىغان، خەلق سەنئىتى توغرىسىدا تېخىمۇ كەڭرەك، چوڭقۇرراق بىر نەرسىلەرنى يېزىشىمنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈممۇ بىلىپ- بىلمەي سەنئەت تەتقىقاتى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قالدىم. «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى» دېگەن كىتابنىڭ قانداق سەۋەبلەر بىلەن يېزىلىپ قالغانلىقىنى سىز ئوبدان بىلىسىز.

ئابلىمىت: بىلىمەن، بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سابىق رەئىسى، ئەينى يىللاردا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. ئابلەت ئابدۇرېشىت ياشلىرىمىزغا ناخشا- مۇزىكىلىرىمىزنىڭ تارىخى، ھازىرغىچە ئىلى ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتقان تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە بىلىم بېرىش ئۈچۈن، ناخشا- مۇزىكا ۋە تارىخىي بايان بىرلەشتۈرۈلگەن VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلغان.

مەمتىمىن: توغرا، بۇ خىزمەتنى بېجىرىشكە يېتەكچىلىك قىلغان مۇھىم كىشىلىرىنىڭ بىرى سىز. ماڭا بۇ تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ سىنارىيەسىنى يېزىپ چىقىش تاپشۇرۇلغانىدى. سىنارىيە پۈتكەندە ئابلەتكام كۆرۈپ بۇ سىنارىيەنىڭ ئۆزىنى ئايرىم بىر كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقسىڭىزمۇ بولاتتىكەن، دەپ تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر سىنارىيەنى ئون قىسىملىق فىلىم قىلىپ ئىشلىدىڭلار، مەن سىنارىيەنى ئايرىم كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتىم. مانا مۇشۇ كىتابتا زىكرى ئەلپەتتا ئاكا ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان. چۈنكى زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئىلى ناخشىلىرى توغرىسىدىكى بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى رەتلەش- يۇرۇشلەشتۈرۈش، ئۆگىنىش جەھەتتىكى تۆھپىلىرى ئاز ئەمەس. زىكرىكامنىڭ نەدە تۇغۇلغانلىقىنى سىز ئوبدان بىلىسىز؟

ئابلىمىت: مەن زىكرىكامنى غۇلجا شەھىرىنىڭ «شەھەر ئىچى» مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلايتىم. يېقىندا زىكرىكامنىڭ چوڭ قىزى چىمەنگۈلنىڭ ئېيتىشىچە، زىكرىكام غۇلجا شەھىرىنىڭ «كونا گىر» مەھەللىسىدە تۇغۇلغانىكەن. «كونا گىر»نى سىز ئوبدان بىلىسىز، ئەينى يىللاردىكى «كونا گىر» سىز تۇغۇلغان «تاقىچىلىق مەھەللىسى» بىلەن مەن تۇغۇلغان «زەرگاھ بازىرى»غا يېقىنلا يەردە ئىدى. ئەمما زىكرىكامنىڭ ئۆسۈپ چوڭ بولغان مەھەللىسى «شەھەر ئىچى» بولسا كېرەك.

مەمتىمىن: مەن يېقىندا غۇلجىغا بېرىپ، غۇلجا پەنجىم يېزىسىدا تۇرۇۋاتقان پېشقەدەم مۇزىكانتىمىز مۇساجان روزى، توققۇز تارادىكى خەلق ناخشىچىسى روزى تاران، ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دەم ئېلىشتىكى سەنئەتچىلىرىدىن سائادەت مالىكوۋا، ئابدۇساتتار داۋۇت، سايىتجان سىدىق، شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى دۇتار ئۇستىسى مۇتەللىپ غوجا، ئاتاۋۇللا غوپۇر، تاشمۇھەممەد ئابدۇرېھىم، مۇھەممەد سىدىقھاجى، «تۆت دۇكان»لىق ئىسمائىل ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچىمۇ زىكرىكامنىڭ چوڭ بولغان مەھەللىسى «شەھەر ئىچى» ئىكەن. زىكرىكامنىڭ دادىسىنى مەھەللىدىكى باللار «ئەلپەتتا بوۋا» دەپلا چاقىراتتىكەن. ئەلپەتتا ئاكا



زىكرى ئەلپەتتا (ئوتتۇردىكى رەت ئوڭدىن 2- كىشى) 1953- يىلى ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى بىلەن بىللە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە

ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۆيى كىچىكرەك بالىخانىلىق ئۆيلەردىن ئىكەن. زىكرد- كامنىڭ تۇرسۇن پەتتا دەپ بىر ئاكىسى بولۇپ دۇتارنى يامان ئەمەس چالاتتىكەن. نوچى ئۆتكەن ئادەملەردىن بولۇپ «تۇرسۇن سېرىق» دەپ داڭقى بار ئىكەن. ئەينى يىللاردىكى ئىلى سانائىي نەپىسەنىڭ سازەندە ئارتىسلىرد- نىڭ مۇقىم مائاشى يوق ئىدى. ھەممىسى زۆرۈر بولغاندا بېرىپ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، باشقا چاغلاردا ئۆزىنىڭ ئىش- ئوقىتىنى قىلاتتىكەن. زىكرىكام جاللاپ با- زىرىدا تېرە ئېلىپ ساتاتتىكەن. «كونا گىر»دە كىچىك- رەك بىر دۇكىنىمۇ بولۇپ، خېرىدار يوق چاغلاردا قانداق- تۇر بىر ئاھاڭلارغا ئۇششۇتۇپلا ئولتۇراتتىكەن. شەھەر ئى- چىلىك ئاغىنىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، زىكرىكاملارنىڭ يەنە شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىن ئۇدۇل «سۇ دەرۋازا»غا قاراپ مېڭىپ، «ئايدىڭ» مەھەللىسىگە قاراپ كەتكەن يولغا بۇرۇلغاندا، ئوڭ تەرەپ دوقمۇشتىمۇ بىر قورۇ- جايى بولغانىكەن.

ئابلىمىت: زىكرىكاملارنىڭ سۇ دەرۋازىدىكى ئۆيىنى بىلمەيدىكەنمەن. شەھەر ئىچىدىكى بالىخانىلىق ئۆي كۆز ئالدىمدا، زىكرىكاملارنىڭ بۇ ئۆيى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يېنى، ھېلىقى ئەينى يىللاردا ھېيت- ئايەملەردە ناغرا چېلى- نىدىغان ئېگىز پەشتاقنىڭ ئاستىدىكى كوچىغا، مەرھۇم سا- زەندە ئەبەي تۇردى بىلەن تاشمۇھەممەدلەرنىڭ ئۆيلىرى قاتارىغا توغرا كېلەتتى.

مەمتىمىن: ئەنە شۇ شەھەر ئىچى مەھەللىسى ئۆت- مۇشتە غۇلجا شەھىرىنىڭ كىندىكى ھېسابلىناتتى. شەھەر- نىڭ تۆت دەرۋازىسىنى بىر- بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئىككى چوڭ كوچا دەل مۇشۇ يەردە كېسىشەتتى. داڭلىق بەيتۇللاچوڭ مەسچىتى، ھېيت- ئايەملەردە ناغرا چېلىنىدى- غان ئېگىز پەشتاق شۇ يەرگە جايلاشقانىدى. يەنە بۇ ئەت- راپتا چوڭ- چوڭ سودا سارايلىرى، سودىگەر، كاسىپلار- نىڭ قاتارلىشىپ كەتكەن دۇكانلىرى بار ئىدى. مۇھىمى، ئەينى يىللاردا ئىلىدىكى ئىلى ھاكىمبەگ ئوردىسىمۇ مۇشۇ مەھەللىدە ئىدى. تارىختىن بۇيان بۇ يەردىكى ئوردا سو رۇنىغا دائىم ئىلىدىكى داڭلىق سازەندىلەر جەم بولاتتى. شۇنىڭ تەسىرىدە بۇ شەھەر ئىچى مەھەللىسى تالاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىللاردىن بېرى ئاجايىپ ياخشى ناخشا-مۇزىكا ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىقىدىغان ئوچاق بولۇپ كەلگەن. زىكرى ئەلپەتتا مۇشۇ مەھەللىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، ئاشۇ ئوچاقتا تاۋلىنىپ چىققان مۇزىكانتلارنىڭ بىرى. زىكرىكام دەسلەپكى مۇزىكا دەرسىنى ئائىلىسىدىن ئالغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە زۇنۇن پاينەك دېگەن داڭلىق سازەندىنى ئۇستاز تۇتقان، كېيىن ئىلى كىلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ يېتۈك ئۇستىسى ھاسان تەمبۇرگە ئەگەشكەن. مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا ئەينى يىللاردىكى ناخشا-ساز ئۇستىلىرىدىن روزى تەمبۇر، ھۇسىين تەمبۇر، ئاق تېيىپھاجى، ئابدۇل چۇكچۇك، مەمەت تۇرخۇن، مەسۇم توقۇم، ساۋۇتكام بىدىك، روزەم ساقال، جانى يولداشۇپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بارا-بارا ئۆزىدە دۇتارغا سالماقلىق قول ئۇرۇپ ئېنىق، يېقىملىق چالىدىغان ماھارەت ۋە ئۆزگىچە ناخشا ئېيتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. ئابلىمىتكا، سىز مۇشۇ قورۇدا بىر مەزگىل زىكرى ئەلپەتتا ئاكا بىلەن قوشنا ئولتۇرغىنىڭىزنى ئېيتىۋاتىسىز، زىكرىكامنىڭ دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتقانلىرىنىمۇ كۆرگەنمۇ؟

ئابلىمىت: زىكرىكام ئۆيىدە دۇتارمۇ ساقلىمايتتى. مەرھۇمنىڭ دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتقىنىنى پەقەتلا كۆرمىگەن دېسەممۇ يالغان بولۇپ قالمىسۇن، ئاللاھىدە بىر پۇرسەتتە ئاڭلاشقا نېسىپ بولغان، 1966-يىلى زىكرىكام ئىككىمىز 2-ئايدىن 10-ئايغىچە يېڭىسار ناھىيەسى ساغان گۇڭشېسىنىڭ يېڭىيەر دادۈيىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتنىشىپ بىر ئەترەتتە ئىشلىدۇق. زىكرىكام بىر كۈنى بىر دېھقاننىڭ قازنىقىدا توپا بېسىپ ياتقان بىر كونا دۇتارنى «ئانچە-مۇنچە ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىمىز» دەپ سوراپ ئېلىپ چىقىپ، خەرەك، قۇلاقلىرىنى ئوڭشاپ، پەدىسىنى باشقىدىن توغرىلاپ، ياتاقنىڭ تېمىدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويدى. كۈندۈزى ئۇ دۇتارنىڭ خەرەك، تارلىرىنى ئېلىۋېتەتتى. كەچلىكى ھەممە ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ يوتقانغا كىرگەندە، زىكرىكام دۇتارنى ئېلىپ، خەرەك، تارلىرىنى سېلىپ، يوتقاننى بېلىگىچە تارتىپ ئولتۇرۇپ چالاتتى. سازغا تەڭكەش قىلىپ پەس ئاۋازدا ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياتتى. ئۇ يىللاردا بىر قانچە «ئىنقىلابىي ناخشىلار»دىن باشقا ناخشىلارنى ۋارقىراپمۇ ئېيتقىلى بولمايتتى. زىكرىكام ھەر بىر ناخشىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولۇپ، شۇ ناخشىنىڭ تارىخى، قاچان، كىملەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى، خەلق ئىچىدە قاچاندىن باشلاپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى دېگەنلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئەپسۇسكى، مەن ئۇ چاغلاردا ناخشا-ساز ئاڭلاشقا زوقمەن بولساممۇ، شۇ ناخشا-سازلارنىڭ تارىخى دېگەندەك گەپلەرگە قىزىقمايتتىمكەن. ھازىر ئويلىسام زىكرىكام ماھىر چالغۇچىلا بولۇپ قالماي، ناخشا-مۇزىكىلار ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن، كۆپ ئۇچۇرلارنى توپلىغان قابىل تەتقىقاتچى ئىكەن. زىكرىكام بىز يېزىغا چۈشكەن كۈنىلا ماڭا: «ئابلىمىت، بۇ يەردىكىلەر مېنىڭ ساز چالىدىغىنىمنى ئۇقمىسۇن-ھە، بولمىسا ساز چېلىپ بېرىڭلار، دەپ ئاۋارە قىلىدۇ» دەپ جېكىلىگەنىدى. بىر كۈنى يۈسۈپ دېگەن ياشانغان بىر دېھقان ماڭا:

— زىكراخۇن ئىككىڭلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە قاراپ ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىلىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. ئازادلىقتىن بۇرۇن مەن تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن ئىلىغا ئىش ئىزدەپ، داۋان ئاتلاپ نەچچە چۈشكەن. شۇ چاغلاردا ئىلىدا زىكرى دەپ ئۇستا بىر سازەندە بار، دەپ ئاڭلايتتىم. شۇ زىكراخۇن مۇشۇ ئادەم بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى. مەن چاقچاق ئارىلاش:

— زىكرىكام ساز چېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، غەزەل-پەزەل دېگەن بىلەنمۇ خۇشى يوق، — دېدىم. ھېلىقى دېھقان «شۇنداقمۇ!؟» دەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويدى. كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولامدۇ؟ زىكرىكامنىڭ ياتاقتا يوتقاننى بېلىگە تارتىۋېلىپ خەرىگاھ ئاھاڭدا ئېيتقان ناخشىلىرى ھېلىقى دېھقاننىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك... زىكرىكامنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، زىكرىكام ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى خېرىدارلىق چالغۇچىلاردىن ئىكەن. ئۇنى مەشرەپ، توي-تۆكۈن، بارا-ۋەتلەرگە تەكلىپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتىكەن. سورۇنلاردا چالغۇچىلارغا بېرىلىدىغان «ئۆرۈم» بىر تەرەپتىن سورۇن ئەھلىنىڭ سەنئەتكارلارغا بىلدۈرگەن تەشەككۈرى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ سەنئەتكارنىڭ ھالال ئىش ھەققى، بولۇپمۇ ئەينى چاغلاردىكى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ باشقا ئىش-ئوقتى بولمىغاچقا، ئۆرۈم ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى بولغان. ئەمما زىكرىكام ئۆمرىدە ھېچقانداق سورۇندا ئۆرۈم ئالمىغان، جاللاپ بازىرىدا تىرىكچىلىك قىلىپ

تۇرمۇشنى قامدىغانىكەن. كېيىنكى چاغلاردا زىكرىكامنىڭ سازنى قولغا ئالغىنىنى كۆرگەنلەر يوق دېيەرلىك. زىكرىكام بار سورۇنلاردا باشقا چالغۇچىلار زىكرىكامنى ھۆرمەتلەپ، سازنى باشلاپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. ئەمما زىكرىكام سازغا قولىنىمۇ ئۇزىتىپ قويماي، «چېلىۋېرىڭلار» دەپلا ئىجازەت بېرەتتى. پۈتۈن ئۆمرىنى سەنئەتكە ئاتىغان، چالغۇچىلىقتا زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولغان زىكرىكامنىڭ بۇ ئىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئۆز ۋاقتىدا تازا چۈشىنىپ كەتمەپتىمىزكەن، ئەسلىدە زىكرىكام ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىلا ئەمەس، كەسپىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاشنى بىلىدىغان ئادەمتىكەن، ئادەم قېرىغاندا ھۈنەرمۇ قېرىيدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت، زىكرىكام مۇشۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنگەن.

مەتىمىن: توغرا دەيسىز، زىكرىكامنىڭ قانداق ناخشىلارنى ئېيتىپ قانداق مۇزىكا ئورۇنلىغانلىرىنى ھازىرقى ھايات كىشىلەر ئارىسىدا كۆرگەنلىرى ئاز. سىز بىلەن بىز دېمەتلىكلەر كۆرمىگەن، ياشلىرىمىز تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۆز زامانىسىدىكى زىكرىكامنىڭ تەڭتۇشلىرى، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەشرەپ، بىر سورۇندا بولغانلاردىن زىكرىكامنى ماختىمايدىغىنى يوق. زىكرىكام 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىققاندا، دۇتاردا «بارسىلا بىللە بارايلى» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئورۇنلاپ شۆھرەت قازانغانىكەن. زىكرىكامنىڭ يېقىن ئۇلپىتى، ئاتاقلىق يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىر زىكرى ئەلپەتتا ۋاپاتىدىن كېيىن يازغان «سەنئەتكار دوستىمىزنى ئەسلىگەندە» ناملىق ئەسلىمىسىدە زىكرىكامنىڭ دۇتار چېلىشتىكى ماھارىتىنى «... ئۇنىڭ بارماقلىرى تار ئۈستىدە ئويىنىغاندا گويا دۇتار تىلغا كىرىپ نازۇك ھېسسىيات ۋە يېقىملىق شېئىرىي تىل بىلەن سۆزلەۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى» ① دەپ تەسۋىرلىگەن. تارىخچى تېيىپجان ھادى ئاكا زىكرىكام توغرىسىدا يازغان «ئۇ مەڭگۈ بىزنىڭ پەخرىمىز» دېگەن ئەسلىمىسىدە زىكرىكامنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىغا: «ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى بىلەن بېيىتلەر قاتتىق جىپسىلىشاتتى، ئاھاڭلارنى بەكمۇ سوزۇۋەتمەي، قىسقىمۇ قىلىپ قويماي مۇۋاپىق ئالاتتى، ناخشىلارغا ئىلاجى بار ئۆز بېيىتلىرىنى سالاتتى. يۇرۇشلۇك ناخشىلارنى ئىجرا قىلغاندا ئالدىنقى ناخشىنىڭ ئاخىرىنى كېيىنكى ناخشىنىڭ بېشىغا تەبىئىي



زىكرى ئەلپەتتا (ئوڭدا) قىيۇمبەگ غوجا بىلەن بىللە

ئۇلايتتى» ② دەپ باھا بەرگەن.

ئابلىمىت: زىكرىكام ناخشىلارغا تېكىست تاللاشقا ھەقىقەتەنمۇ بەك ئەھمىيەت بېرەتتىكەن. 1955 ـ ، 1956 ـ يىللىرى بىر مەزگىل ئىلى سەنئەت ئۆمىكىدە سىياسىي خىزمەت ئىشلىگەن يۇنۇسجان مىرزايوف: «ئۇ چاغلاردا ئابدۇۋەلى جارۇللايوف مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، زىكرىكام كەسپىي يېتەكچى ئىدى. ئۇلار ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش، تېكىستلىرىنى رەتلەش ئىشلىرىغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. مەنمۇ تېكىستلىرىنى رەتلەشكە ياردەملەشكەنىدىم. زىكرىكام ناخشا تېكىستلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى، تېكىست سۆزلىرى بىلەن ناخشا ئۇدارىنىڭ جىپسىلىششى دېگەنلەرگە بەك دىققەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا:

جاپانى كىم تولا چەكسە،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
يىغا ياندىن قوپار ئەرمىش،
بالا كەلسە قېرىنداشتىن.

دېگەن تېكىستنى كۆرسىتىپ: «بۇ تېكىستنى ‹جانەي› گە تاللاي دېگەن. لېكىن ئالدىنقى ئىككى مىسراسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىنكى ئىككى مىسراسى ماسلاشماي تاغدىن-باغدىن بولۇپ قاپتۇ. كېيىنكى ئىككى مىسراسىنى ئۆزگەرتسەك بولاتتى» دېدى. زىكرىكامنىڭ تەلپى بويىچە كېيىنكى ئىككى مىسرانى:

گۆھەر ئالغۇنچە شۇ تاشتىن،
نە سەۋدا ئۆتىدۇ باشتىن.

دەپ ئۆزگەرتتىم. شۇ بويىچە ناخشىغا سىلىنىپ ئېيتىلدى، كېيىن زىكرىكام خەلق ئىچىدىن تېكىستىنىڭ:

جاپانى كىم تولا چەكسە،
گۆھەرنى شۇ ئالار تاشتىن.
بېشىم كەتتى بۇ سەۋدادىن،
بۇ سەۋدا كەتمىدى باشتىن.

دېگەن يەنە بىر ۋارىيانتىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ» دەپ سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭدىن زىكرىكامنىڭ ناھايىتمۇ ئەستايىدىللىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەمتىمىن: ئىلىدا خەلق ناخشىلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئېيتىش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ سەنئەت پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشى، ئەقىل-پاراستىنىڭ مەھسۇلى، ناخشىلارنى ھەرگىزمۇ قالايمىقانلا بىر-بىرىگە ئۇلاپ قويغىلى بولمايدۇ. بۇ بىر چوڭقۇر ئىلىم، پەقەت مۇزىكىلىق خاراكتېرى يېقىن، ئاھاڭ جەھەتتىن بىر-بىرىگە ياندىشالايدىغان ناخشىلارنىلا بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. زىكرىكام ئادەتتىكى بىر سازەندە ئەمەس، ئۇ قابىل مۇزىكا تەتقىقاتچىسى ئىدى. زىكرىكام ئۆز زامانىسىدىكى ئاق تېپىپاجى، ئابدۇل چۇكچۇك، مەممەت تۇرخۇن، مەسۇم توقۇم، ساۋۇتكام بىدىك، جانى يولداشۇف قاتارلىق داڭلىق ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلارنى يۇرۇشلەشتۈرۈش تەرتىپىنى پىششىق تەتقىق قىلغان. ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەينىدە، روزى تەمبۇر بىلەن زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلىدا بىر نەچچە نۆۋەت ئون ئىككى مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى چاقىرىلغان. مۇقام ئۆگىنىش كۇرسىغا ئاتاقلىق مۇقامچى روزى تەمبۇر، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا زىكرى ئەلپەتتا يېتەكچىلىك قىلغان. كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ناخشا-مۇزىكىلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى قوشقان مەتتايىر ھەسەن، نۇرمۇھەممەد ناسىر، ئەمەتخان بارات، زوردۇن نۇسرەت، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇف، ئابلاخان كېپەك، سەيدۇللام رەھمىتۇللا، سۇلتان مۇرات، غوپۇر دىڭخولۇ، قادىر رازى، مۇساجان روزى، ھۇسەنجان جامى، ئابلىزخان مامۇت، ئابلىكىم ئابدۇللا، قۇربان ئۆمەر، ئابدۇكېرەش ئەلى، غىياسىدىن بارات قاتارلىق تالانتلىق مۇزىكانتلارنىڭ ھەممىسى ئەينى يىللىرى ئەنە شۇ روزى تەمبۇر بىلەن زىكرى ئەلپەتتا ئاچقان كۇرسلاردا تەلىم ئالغانىدى.

ئابلىمىت: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زىكرىكام خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ يىلتىزىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىش ئۈچۈن خانىقالارغا بېرىپ غۇلجا شەھەر ئىچىلىك ئەختەم ھاپىز، ھەرەمباغلىق ئابۇزار خەلپىلەرنىڭ خانىقالاردا ئوقۇغان خانىقا ئاھاڭلىرىنى كۆپ تىڭشىغانىكەن. باخشىلارنىڭ پىرە ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ، داپچىلارنىڭ پىرە ناخشىلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىپتىكەن. يازغۇچى زۇنۇن قادىر ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، زىكرىكام خانىقا ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن خانىقاغا بېرىپ، ھاپىزلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالسا سوپىلار ئۇنىڭغا ئالىيىپ، زىكرى بۇ يەرگە زىكرى قىلغىلى كەلمەيدۇ. ھۆكمەت ئاھاڭلىرىنى ئوغرىلىغىلى كېلىدۇ، دەپ يامان كۆزى بىلەن قارايدىكەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى زىكرىكام «مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى»غا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقاندا ئەبەيدۇللا تۇردى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇزىكانتلارنى ئىلىغا باشلاپ بېرىپ، شۇ چاغدىكى ھايات ھاپىزلاردىن خانىقا ئاھاڭلىرىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىپ كەلگەنىدى. قىسقىسى زىكرىكام مۇقام ۋە خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەنبەنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان.

مەمتىمىن: شۇنداق، كېيىنكى يىللاردا شەھەر ئىچىلىك ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇرېھىم ئىمىن ئاكا «تەلقە ئاھاڭلىرى» دېگەن نامدا ئېيتىپ يۈرگەن بەزى ناخشىلار زىكرىكام رەتلەپ ئىلى خەلق ناخشىلىرى تەركىبىگە كىرگۈزگەن خانىقا ئاھاڭلىرىدىن كەلگەن. خانىقا ئاھاڭلىرىنى نوقۇل دىنىي نەرسە دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. پىرە ئاھاڭلىرى، خانىقا تەلقىلىرىنىڭمۇ ھەممىسى خەلقنىڭ ئىجادىيىتى، بىزنىڭ روھىيىتىمىزنىڭ يىلتىزى دەل ئاشۇنداق قەدىمىي ئاھاڭلاردا ئەكس ئېتىدۇ. زىكرىكام غۇلجىدىكى چاغلاردىلا بەزىدە ئاشۇنداق سورۇنلارغا بارىدىغان چاغدا ھۇسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا، غىياسىدىن بارات قاتارلىق ياش مۇزىكانتلارنىمۇ باشلىۋالاتتىكەن.

قارالڭ، ئاشۇ سەنئەتكارلىرىمىز كېيىن ئادەمنىڭ ئېسىدىن
چىقمايدىغان، خەلق سۆيۈپ ئاڭلايدىغان بىر-بىرىدىن
ئېسىل ناخشا-مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلالىدى.

ئابلىمىت: ئىلى خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرى ئۇيغۇر
خەلق ناخشا-مۇزىكا خەزىنىسىدىكى ئالاھىدە جۇلالىنىپ
تۇرىدىغان بىر بايلىق، بىز بۇ يېقىملىق كۈيلەرنى بۆشۈك-
تىكى چېغىمىزدىن باشلاپ ئاڭلاپ چوڭ بولدۇق. شۇڭا
بۇ ناخشا-مۇزىكىلار بىزگە خۇددى ئانىمىز ئېيتقان
ئەللەي ناخشىسىدەك تونۇش ۋە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. بۇ
دۇردانە ناخشا-مۇزىكىلارنىڭ ئىجاد قىلىنىپ، تاكامۇللاش-
تۇرۇلۇپ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىنى زىكرىكامغا ئوخشاش
نۇرغۇنلىغان خەلق سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئۇن-تىنسىز
سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. تىياتىردا
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە:
زىكرىكام يالغۇز ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا مەدەنىيىتىنىلا
چوڭقۇر چۈشىنىپ قالماي، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتار-
لىق قېرىنداش مىللەت ئەلنەغمىلىرىنىمۇ ناھايىتى ياخشى
كۆرەتتىكەن، ھەتتا خەنزۇلارنىڭ چاڭچىلە ئويۇنلىرىغىمۇ
بەك قىزىقاتتىكەن.

مەمتىمىن: «چاڭچىلە» دېسىڭىز ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.
ئىلىدىكى 80 ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەم خەلق ناخشىچىلى-
رىمىزنىڭ بىرى روزى تاران ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، زىكرى-
كامنىڭ ئەسلي ئەزەن چاقىرىپ قويۇلغان تولۇق ئىسمى
«زىكرىيا» ئىكەن. كېيىن ئائىلىدە ئەركىلىتىپ «زىكرى،
زىكرى» دەپلا «زىكرى» ئاتىلىپ قالغانىكەن. زىكرى
ئەلپەتتانىڭ دادىسى ئەلپەتتا ئاكا كىچىك ۋاقتىدا خەنزۇ
تىلى ئوقۇتۇلىدىغان «شۆتاڭ»دا ئوقۇغانىكەن. شۇڭا بۇ
كىشى پات-پات غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنزۇ بازىرىغا سېلىن-
غان چاڭچىلىخانىلارغا بېرىپ تۇراتتىكەن. زىكرىكامۇ
دائىم دادىسىغا ئەگىشىپ بېرىپ چاڭچىلە ئويۇنلىرىنى كۆ-
رەتتىكەن.

ئابلىمىت: ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى مەن زىك-
رىكامنىڭ دەۋىتى بىلەن بىر چاڭچىلىنى كۆرگەنىدىم. زىك-
رىكام خەنزۇچە بىلمىسىمۇ ئارتىسلارنىڭ كىيىنىشى، ئىما-
ئىشارەت، سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنىسىنى ناھايىتى
ياخشى بىلىدىكەن. شۇ بويىچە ماڭا بۇ چاڭچىلىنىڭ ئاسا-
سي ۋەقەلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرغانىدى. شۇ چاغدا
ماڭا ئۆزىنىڭ كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا چاڭچىلە كۆرد-
ىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. زىكرىكام ئۆزبېك ناخشا-مۇزىكى-
لىرىنى ناھايىتى چىرايلىق ئورۇنلايدىكەن. شۇڭا ئۆزبېك
سەنئەتچىسى ۋە شائىرى نەسرۇللا قارى (پەرھاتى) بىلەن
زىكرىكامنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، بىر-بىرىنى
ئىزدىشىپ تۇراتتىكەن. زىكرىكام ۋاپات بولغاندا نەسرۇللا
قارى زىكرى ئەلپەتتا ئاكىغا ئاتاپ ئۇن نەچچە كۇپلېتلىق
مەرسىيە يازغان. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇنىڭ مۇنداق مىسرا-
لىرى بار ئىدى.

توسۇپ قويدى ئۆلۈم بىزلەرگە بەك شېرىن ۋىسالىڭنى،
مۇيەسسەر بولمىدى نەيلەي كۆرۈشكە تۇر-جامالىڭنى،
مۇقامچى تۇردى ئاخۇندەك دېسەم يوللۇق مىسالىڭنى،
كۆزۈم ھەسرەتتە ياش تۆككەي قاچان قىلسام خىيالىڭنى،
كۆڭۈل كۆرگىسىدە رەسمىڭ تۇرار ھەر دائىما زىكرى.

مازارىڭغا بېرىپ ھەر يىل زىيارەتلەر قىلاي مەن ھەم،
بېشىڭدا تولدۇرۇپ مۇڭلۇق تىلاۋەتلەر قىلاي مەن ھەم،
مۇنارلىق خاتىرە تىكلەپ ئىمارەتلەر قىلاي مەن ھەم،
يېزىپ تارىخي داستانىڭ ھېكايەتلەر قىلاي مەن ھەم،
ئىدىڭ نەسرۇللا قارىگە قەدىردان ئاشنا زىكرى...

مەمتىمىن: ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى غۇلجىدا
ھەرقايسى مىللەت ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇيۇشمىلار يې-
نىدا سانائىنەپىسەلەر تەشكىللەنگەندە ئۆزبېك سانائىنەپىسە-
مۇ قۇرۇلغان. زىكرىكام بىر مەزگىل بۇ سانائىنەپىسەگە
قەدەم تاشلاپ ئۆزبېك ناخشا-مۇزىكىلىرىنى قېتىرقىنىپ
ئۆگەنگەنىكەن. سىز ئېيتقاندەك، نەسرۇللا قارى بىلەن
زىكرىكامنىڭ دوستلۇقى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. بىر-بى-
رىنى ئىزدىشىپ ئۆزبېك، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىغا بىر-
لىشىپ نەغمە قىلاتتىكەن. بۇ ھەقتە شائىر پەرھاتى (نەس-
رۇللا قارى)نىڭ بايا سىز تىلغا ئالغان مۇخەممەسىدە:

ئېيتاتتىڭ جور بولۇپ دۇگاھ، بەيات، شاھناز بىلەن گۇليار،
مۇناسىپ بىرلىشەتتى قولىمىزدا تەمبۇرۇ دۇتار،
قېرىنداشلار ئوقۇپ رەھمەت، بولاتتى تازا مىننەتدار،
ئارىمىزدا مۇھەببەت رىشتىسى مەھكەم ئىدى بىسيار،
قەچانكى ئۇچرىشىپ قالساق ئېيتاتتىم مەرھابا زىكرى.
ئىشتكەن چاغدا ئالەم خەلقى «رۇخسارى» مۇقامىڭنى،
ئالۇر تىلغا كېچە-كۈندۈز سېنىڭ ھۆرمەتتە نامىڭنى،
سېنى تارىخ ئۇنتۇمايدۇ ۋە يۈكسەك ئېھتىرامىڭنى،
نىشانغا يەتكۈزۈمىز كۆزلىگەن مەقسەت-مەرامىڭنى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەمەلگە ئاشقۇسى بارچە مۇرادۇ مۇددىئا زىكرى... دېگەن مىسرالار بار. زىكرىكامنىڭ مۇنداق كۆپ مىللەت ناخشا-مۇزىكىلىرىغا بولغان قىزىقىشى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، ئاھاڭلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن، ئىجادىيىتىنى بېيىتقان.

ئابلىمىت: زىكرىكام ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىلا شىنجاڭدىكى مۇنەۋۋەر سەنئەتچىلەردىن ھېسابلىنىپ، كۆپنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1954-يىلى ئۇ جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى (ھازىرقى شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى)نىڭ تۇنجى رەئىسى بولۇپ سايلانغان. شۇ يىلى يەنە ئۇ جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1959-يىلى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ئائىلىسىنى ئېلىپ رەسمىي يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ 1964-يىلى سەيپىدىن ئەزىزى يازغان چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇللۇق ئوپېرا «خەلق كوممۇناسى ياخشى»، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قىزىل چىراغ»قا ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاش خىزمەتلىرىگىمۇ ئىشتىراك ئەتكەن.

مەتىمىن: تىياتىرچىلىق زىكرى ئەلپەتتا ھاياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەھىپە، سىز ئوبدان بىلىسىز، ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرى (ئەينى يىللاردىكى سانايىنەپىسە) 1934-يىلى، شىنجاڭدىكى ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى. ئىلى تىياتىرىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ھازىر 80 يىلدىن ئاشتى. ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرى ھازىرغىچە سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناش ئەنئەنىسىنى تاشلاپ قويغىنى يوق. ئۆتكەن يىلى مەن ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ھازىرقى رەھبىرى مەدىنە خانىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىقتىم. كىتاب يېزىلىۋاتقاندا، ئىلى تىياتىرىنىڭ داڭلىق رېژىسسورى مەرھۇم مۇختار ئابدۇراخمان ئاكا ھايات ئىدى. سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاپ كەتكىنىگە قارىماي ئۇ بۇ كىتابنىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. بۇ كىتابتىمۇ بىز زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنى ئالاھىدە تونۇشتۇردۇق. زىكرىكام 1934-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان سانايىنەپىسىگە ئەڭ دەسلەپ قاتناشقانلارنىڭ بىرى. شۇ يىللاردا ئىلى تىياتىرى 40، 50 پارچە سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينىغان. ئەينى يىللاردا زىكرىكام مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە يەنە روللارغىمۇ چىققان. «قانلىق داغ»دا ناسىر، «باي ۋە مالاي»دا باي، «غېرىب-سەنەم»دە شاھى ئابباس، «فەرھاد-شېرىن»دا خۇسراۋ، پەرھات روللىرىغا چىقىپ، رول ئېلىشتىكى ماھىرلىقى، ناخشىدا ئاۋازىنىڭ ياڭراقلىقى بىلەن تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىمىز ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئۆزىنىڭ زىكرى ئەلپەتتا ۋاپاتىدىن كېيىن يازغان «سېنىڭ ناملىڭ ئەلنىڭ قەلبىدە» ناملىق ئەسلىمىسىدە: «غېرىب-سەنەم» ئەسىرىنى ئۇزاق يىللار ئويناش جەريانىدا مەن «شاھى ئابباس» رولىنى زىكرىدەك قاملاشتۇرغان ئارتىسنى كەم ئۇچراتتىم③ دەپ يازىدۇ. زىكرىكام بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى.

ئابلىمىت: يازغۇچى زۇنۇن قادىر ئاكا زىكرى ئەلپەتتا بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى. ئۇلار غۇلجىدا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئىلى تىياتىرىدىمۇ بىللە ئىشلىگەن. بىر يەرگە كەلسە گېپى تۈگىمەيتتى. زىكرىكامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، زۇنۇنكام مۇشۇ ھويلىنىڭ گۈللۈكىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ زىكرى ئاغىنىسىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. زۇنۇنكامنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى يىللاردا قاسىمجان قەمبىرى يازغان «زەينەپكە تۆھمەت» دېگەن درامىدا ئىككى تەرەپ مۇشلىشىدىغان بىر كۆرۈنۈش بار ئىكەن. درامىنى تەييارلىغاندا مۇشلىشىدىغان رولغا چىقىدىغانغا ئارتىس تاپالماي كۆپچىلىك زىكرىكامنى كۆرسەتكەنىكەن. چۈنكى زىكرىكام ياش چاغلىرىدا شەھەر ئىچىنىڭ نوچىلىرىدىن ھېسابلىناتتىكەن. زۇنۇنكام يەنە بىر كۈنى ئىلى تىياتىرى «فەرھاد-شېرىن»نى تەييارلىغاندا زىكرىكامنىڭ فەرھادنىڭ، ئۆزىنىڭ فەرھادنىڭ دوستى شاپۇرنىڭ رولىغا چىققانلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ: «ۋاي-ۋاي، زىكرى شۇ چاغدا ئۆز ناخشىلىرى بىلەن فەرھادنىڭ رولىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈۋەتكەن جۇمۇ!» دېگەنىدى.

مەتىمىن: بىزنىڭ مىللىي درامىلىرىمىزدا ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ناخشا بىلەن يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەنئەنە بار. كۆرەرمەنلەر ئەسەر قەھرىمانىنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۆز تەسەۋۋۇرىدا دراما ۋەقەلىكىنى، قەھرىمانلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

بۇنىڭ تاماشىبىنلارغا بېرىدىغان تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ.
ناخشا ـ مۇزىكا رول ئېلىۋاتقان ئارتىس بىلەن ئويۇن كۆ ـ
رۈۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرى ـ
دۇ. مەيلى بىزنىڭ «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»،
«فەرھاد ـ شىرىن»غا ئوخشاش ئۆتمۈشتىكى ئوردا خان،
كېنىزەكلىرى تەشۋىرلىنىدىغان سەھنە ئەسەرلىرىمىز
بولسۇن ۋە ياكى «غۇنچەم»، «قانلىق داغ»، «ئانار ـ
خان»غا ئوخشاش رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
درامىلىرىمىز بولسۇن ناخشا ـ مۇزىكىدىن ئايرىلمايدۇ.
ناخشا تاماشىبىنلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ
تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇپ ئەسەردىكى نۇرغۇن
كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاساسلىق رول ـ
لارغا چىقىدىغان ئارتىسلارنىڭ ياخشى ئاكتىيور بولۇشى
بىلەن يەنە ئاۋازى ساز ناخشىچى بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنى ـ
دۇ. ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ، گۈلسۈم ئىسمايىلىۋا،
زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق ئارتىسلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا
قالتىس شۆھرەت قازىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ، ئۇلار
ھەم ئۇستا ئاكتىيور، ھەم داڭلىق خەلق ناخشىچىلىرىدىن
ئىدى. لېكىن زىكرىكامنى داڭلىق دراما ئارتىسى ئىدى،
دەپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. زىكرىكام ئىلى تىياترىدا
ئۇزاق يىل كەسپىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ، ھەتتا
سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ رېژىسسورلۇقلىرىنىمۇ قاتناشقان.
داڭلىق چالغۇچىمىز ھۈسەنجان جامى ئاكا دولقۇن روزى
بىلەن قىلغان بىر سۆھبەتتە زىكرىكامنىڭ كەسپىي ئىقتىدا ـ
رى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ: «راست گەپنى قىلغاندا ئىلى
ئالىمىدىن زىكرىكامدەك كەسپكە پىشقان سەنئەت ئەربا ـ
بىدىن يەنە بىرنى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بول ـ
مايتتى. ئۇ ئىلى ناخشا ـ كۈيلىرىنىڭ ئۈستىسى بولۇپلا
قالماي، مۇزىكا بىلەن ناخشىنى قانداق بىرلەشتۈرۈش،
ئوركېستىر تەشكىللەش، رول تەقسىملەش، دراما، ئوپېرا ـ
لارنىڭ ئۇنىۋېرسال ھالقىلىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش
قاتارلىق جىمىكى كەسپىي ئىشلارنى كۆزنى يۇمۇپ
تۇرۇپ ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ ئاكتىيورلۇق ماھارىتى
شۇ دەرىجىدە ۋايىغا يەتكەنكى، «‹غېرىب ـ سەنەم› ئوپېرا ـ
سىدىكى شاھى ئابباسنىڭ رولىنى ئۇنىڭدەك كەلتۈرۈپ
ئويناپ چىققان ئارتىستىن ئىككىنچى بىرىنى كۆرمىدىم»④
دەپ باھا بەرگەن. ئەڭ قىممەتلىكى، زىكرىكام ئەينى يىل ـ
لاردا ئوينالغان نۇرغۇن سەھنە ئەسەرلىرىگە ئون ئىككى
مۇقام ۋە خەلق ئاھاڭلىرىنى كىرىشتۈرگەن. بەزى ئاھاڭ ـ
لارنى ئۆزى ئىجاد قىلىپ قوشقان. بۇ ھەرقانداق ئادەم ـ
نىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى ئەلۋەتتە!

ئابلىمىت: ئەگەر بىر كەسىپ ئىگىسىنىڭ تالانتىغا
ئۇنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى قوشۇلسا ئۇ كىشىلەر قەل ـ
بىدە تېخىمۇ يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. زىكرى ـ
كام مانا شۇنداق ھۆرمەتكە نائىل كىشى ئىدى. مەن زىك ـ
رىكام بىلەن ئۇزاق يىل بىر ئىدارىدە خىزمەتداش
بولدۇم، بىر ھويلىدا قوشنا ئولتۇردۇم. بۇ ئادەمنىڭ
كىچىك پېئىل، كەمتەرلىكى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇر ـ
غان. باشقىلار خەلق ئېغىزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن مەلۇم ئا ـ
ھاڭلارنىڭ زىكرى ئەلپەتتا ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ
يۈرسىمۇ، زىكرىكام بىرەر قېتىم ئۇ ئاھاڭلارنى «مېنىڭ
ئىجادىيىتىم» دەپ تىلغا ئېلىپ قويمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ
كەمتەرلىكى قەدىرلەشكە ئەرزىسىمۇ بۈگۈنكى كەلگەندە
زىكرىكامنىڭ ھەقىقىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۈر ـ
غۇزۇشىمىزغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى.

مەتىمىن: راست دەيسىز، زىكرىكام ئۆزى ئىشلە ـ
گەن ئاھاڭلارنى «بۇ مېنىڭ ئىجادىيىتىم» دەپ داۋراڭ
سېلىپ يۈرمىگەن، سەنئەت ھاياتىدىكى ئىجادىيەتلىرى
توغرىسىدا بىرەر يازما ماتېرىيالمۇ قالدۇرمىغان، زىكرىكام
توغرىسىدىكى ئەسلىمە ۋە باشقا ماتېرىياللاردا «نودەركام
ناخشىسى»، «توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى»، «تەشنامەن»،
«پەرەڭ ياغلىق»، «ئەرزىم دادەينىڭ ئەۋجى»، «تەنلى ـ
رىم ياپراق»، (مېنى ھەر زامان)، «زۆھرە جانىم» دېگەن ـ
دەك ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ زىكرىكامنىڭ ئىجادىيەتلىرى
ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. «غۇنچەم» دىرامىسى ئۈچۈن
«باغلار ئارا» قاتارلىق ئاھاڭلارنى ئىشلەپ بەرگەنىكەن.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا زىكارىكام «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار»
فىلىمىگە ئىككى ئاھاڭ ئىشلەپ بەرگەن بولۇپ، فىلىمدى ـ
كى ساتىراش بوۋاينىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن ناخشىنى زىك ـ
رىكام ئۆزى دۇتار بىلەن ئورۇنلاپ بەرگەنىكەن، بۇنىڭ ـ
دىن باشقا زىكرىكامنىڭ تېخى تىلغا ئېلىنمىغان ئىجادىيەتلى ـ
رىمۇ نۇرغۇن.

ئابلىمىت: زىكرىكامنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» دىرامىسى
ئۈچۈن ئىشلىگەن ئاھاڭلىرى خەلق ئارىسىغا ناھايىتىمۇ
كەڭ تارالغان، ئەينى يىللاردا ئۇ ناخشىلارنى ئانچە ـ
مۇنچە غىڭشىمايدىغان ئۇيغۇرمۇ يوق ئىدى. مەن بىر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىككى قېتىم زىكرىكامدىن «غېرىب ـ سەنەمدىكى پالانى ناخشىنى سىز ئىجاد قىلىپسىزكەن، راستمۇ؟» دەپ سورىسام ئۇ: «ھەلا دەپ قويىغە!» دەپ گەپنى تۈگەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە زىكرىكام «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلەپ قوشۇپ، ئەسەرنى بەدىئىي جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن، شۇڭلاشقا بۇ ئەسەر تاكى يېقىنقى يىللارغىچە سەھنىدىن چۈشمەي ئوينالغان.

مەتىمىن: ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى ئىلى سانائىنەپسەندە مۇزىكا چالغان ھاسان تەمبۇر، ھۇسيىن تەمبۇر، روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇنەبى مانۇپوف دېگەن قابىل چالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سەھنە ئەسەرلىرى ئۈچۈن ئون ئىككى مۇقام ۋە خەلق ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ مۇزىكا ئىشلىگەن. ئۇلار كېرەك بولغاندا يەنە ئۆزلىرى يېڭى ئاھاڭلارنىمۇ ئىجاد قىلىپ قوشقان. ئۇ يىللاردا سانائىنەپسە نۇرغۇن كونسېرت كېچىلىكلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن سىرت يىلدا يەنە بىر نەچچە سەھنە ئەسىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقاتتىكەن. ئەينى يىللاردىكى ئىشلارنى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئاكىنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، بىر سەھنە ئەسىرىگە يېڭى بىر ئاھاڭ لازىم بولۇپ قالسا رېژىسسور: «ماۋۇ ئەسەرنىڭ پالانى يېرىگە مۇنداق بىر ئاھاڭ لازىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئويلىشىپ باقارسىلەر» دەپ تەكلىپ بېرىدىكەن. بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ياكى شۇ گەپ بولۇپ ئەتىسىلا بىرەيلەن ئۆزىنىڭ ئويلاشقان ئاھاڭنى چالغۇدا ئورۇنلاپ بېرىدىكەن. بىرەيلەن قوپۇپ ھېلىقى ئاھاڭنىڭ مەلۇم يەرلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزىدىكەن. يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ مەلۇم يەرلىرىنى ئېلىۋېتىدىكەن ياكى ئۇنىڭغا مەلۇم ئۇدارلارنى قاتىدىكەن، شۇنداق قىلىپ بەزى ئاھاڭلار مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئەمەس، كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيىتىگە ئايلىنىپ قالاتتىكەن. شۇڭلاشقا شۇ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان ئايرىم ئاھاڭلارنىڭ زادى كىمنىڭ ئىكەنلىكىگە كېسىپ ھۆكۈم قىلماقمۇ تەس. مەسىلەن: بىر مىسالنى ئالسام، سەنئەت تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ياسىن مۇخپۇل «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل 4 ـ سانىدىكى «‹4 ـ ماي›دىن كېيىنكى ئۇيغۇر ناخشىلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە «ئاررۇگۇل» ناملىق ناخشىنى قاسىم مۇسايۇفنىڭ تېكىستىگە ھاسان تەمبۇر ئىشلىگەن ئاھاڭ دەپ كۆرسەتكەن. لېكىن ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ھادى قاتارلىق كىشىلەر بۇ ئاھاڭنى زىكرى ئەلپەتتا ئىشلىگەن دەپ قارايدىكەن. شۇ يىللاردا ئىشلەنگەن بەزى ئىجادىي ئاھاڭلارنىڭ زادى كىملەرنىڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈنمۇ مەخسۇس بىر ئىلمىي تەتقىقات لازىم. زىكرىكامنىڭ ئەڭ چوڭ ئىجادىيەتلىرىنىڭ بىرى، زىكرى ئەلپەتتا مۇزىكا ئىجادىيىتىدىكى يۇقىرى پەللە ــ رۇخسار مۇقامى.

ئابلىمىت: «رۇخسار مۇقامى» بىزنىڭ كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقاملىرىمىز قاتارىدىكى مۇقاملارغا ئوخشاش ئۇنداق مۇكەممەل مۇقام بولمىسىمۇ، ئىلى ئۇسلۇبىدا ئىجاد قىلىنغان، ئاھاڭلىرى جۇشقۇن، ياڭراق، چىرايلىق مۇقام. بىزنىڭ ئاتاقلىق چالغۇچىمىز ئابلىزخان مامۇت ئەينى يىللىرى «رۇخسار مۇقامى»نى ئورۇنلاش بىلەن داڭ چىقارغان. ئەلقەم ئەختەم ئاكىنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىلگىرى غۇلجىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېقىن ساۋاقدىشى ۋە دوستى ئەزەم دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەم زىكرى ئەلپەتتادىنمۇ نۇرغۇن مۇزىكا تەربىيەسى ئالغانىكەن. غۇلجىدا ئۇنى «ئەزەم زەرگاھ»، «ئىسكىرىپكىچى ئەزەم» دەيدىكەن. مۇشۇ ئەزەم دېگەن چالغۇچى 1944 ـ يىلى يازدا بىر قانچەيلەن بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن كۆرۈشۈپتىكەن. شۇ چاغدا ئەزەم لۇپتۇللاغا غۇلجىدا



زىكرى ئەلپەتتا 1956 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا (ئارقا رەت سولدىن 1 ـ كىشى شائىر ئابلەي روزى، 2 ـ كىشى پاشا ئىشان، 3 ـ كىشى زىكرى ئەلپەتتا)

زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان «رۇخسار مۇقامى»نىڭ مۇزىكىلىرىنى چىلىپ بېرىپتىكەن. ئۇ چاغ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «تاھىر - زۆھرە» سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ، ئۇنى سەھنىلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى ئاھاڭلارغا تازا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان ۋاقىتىكەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ «رۇخسار مۇقامى»نى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ زىكرىكامغا ئاتاپ «چال سازەندەم»⑤ دېگەن مۇخەممەسنى يېزىپ ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلغانىكەن. مۇخەممەسنىڭ :

چال سازىڭنى زوق بىلەن تىنماي چال سازەندەم،
ھەرىكىتىڭ تېتىك، قوللىرىڭ مەجنۇنتال سازەندەم،
ناخشاڭ شېرىن-تاتلىق سېنىڭ گوياكى بال سازەندەم،
ياشلىقىڭ زىلۋا چېغىدا ئىجاد قىلىپ قال سازەندەم،
بۇ مۇخەممەس شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىرسال سازەندەم.

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغىنى ئېسىمدە، «رۇخسار مۇقامى» ئەينى يىللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغان «تاھىر - زۆھرە» دىرامىسىغىمۇ يۇقىرى بەدىئىي تۈس بەرگەن.

مەھتىمىن: ئىلىدا 1864 - يىلى قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن باشلانغان «كۆچ - كۆچ» قالايمىقانچىلىقلىرى ئاخىرلىشىپ، 1882 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى چار رۇسىيە قولىدىن ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىلىدا بىر مەزگىل تىنچ ھالەت داۋاملىشىپ ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان. «كۆچ - كۆچ» مەزگىلىدە چاررۇسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن بىر قىسىم ئاھالىلەر ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىرىدىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئىلىدا يەنە ناخشا - مۇزىكا تەرەققىي قىلىپ، كارۇشالڭ ئاخۇنۇم قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ ئىلىغا چىقىشى بىلەن خەلقنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىغا بولغان قىزىقىشى قايتا ئويغانغان. بۇ دەۋردە ئىلىدا يەرلىك مۇقامچىلاردىن يەنە ھاسان تەمبۇر، بارات تەمبۇر، جامى ئاكا، سۈيدۇڭلۇك ئابلا دۇمباق قاتارلىق مەشھۇر سازەندىلەر بار ئىدى. كېيىن بۇ سەپكە ھۈسسىن تەمبۇر، روزى تەمبۇر قاتارلىق ياش كۈچلەر كېلىپ قېتىلغان. 1934 - يىلى ئىلىدا سانايىنەپىسە قۇرۇلۇشى بىلەن ھاسان تەمبۇر، ھۈسسىن تەمبۇر، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇقامچىلار تىياتىرنىڭ مۇزىكا سېپىگە قوشۇلدى. ئۇلار تىياتىر ئوينىغان سەھنە ئەسەرلىرىگە مۇقام ئاھاڭلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى سەھنە ئەسەرلىرىدە پايدىلىنىشنىڭ ئەمەلىي ئۈلگىسىنى ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋامنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشتى. مانا مۇشۇ دەۋردە، ئىلى تىياتىرى سېپىدە يېتىشىپ چىققان بىردىنبىر مۇقام ۋارىسى زىكرى ئەلپەتتا بولدى. ئۇ سەھنە ئەسەرلىرىگە مۇقام ئاھاڭلىرىنى كىرىشتۈرۈپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن ئاھاڭلارنى ئىجادىي ياراتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە ئۇزىنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئاھاڭلىرىنى يىغىپ بىر مۇقەددىمە، بىر تەزە، ئالتە داستانلىق «رۇخسار مۇقامى»نىڭ دەسلەپكى گەۋدىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. بۇنى ئەينى يىللاردا ئىلىدا قايتا گۈللەنگەن مۇقامچىلىقنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن يېڭى نەتىجە، زىكرىكامنىڭ مۇقام ئىشلىرىمىزغا قوشقان ئىجادىي تۆھپىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئابلىمىت: زىكرىكام «رۇخسار مۇقامى»نىڭ قالغان بۆلەكلىرىنىمۇ ئىشلەپ مۇكەممەل بىر مۇقام قىلىپ چىقار ئىدى. لېكىن كېيىنكى يىللاردا ئۇ مۇقام ئۇستازى تۇردىخۇن، روزى تەمبۇر ۋە باشقا مۇزىكا پېشىۋالىرىدىن مىراس قالغان مۇقام ئاھاڭلىرىنى رەتلەش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆگىنىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى سىنغا، لېنتىغا ئېلىنغان ئۇ ئاۋازلارنىڭ تېخنىكىلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېنىقلىق دەرىجىسى تۆۋەن ئىدى. بۇ ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرۈش، تېكىستلەرنى ئاڭلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن يۇقىرى سەۋىيە بولمىسا بولمايتتى. ئاتاقلىق تىل ئالىمىمىز مىرسۇلتان ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ چاغاتاي يېزىقى ۋە ئەدەبىياتىدىن ئوبدان خەۋىرى بار ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ كېيىن مۇقام تېكىستلىرىنى تەتقىق قىلىشىدا ناھايىتى ئەسقاتقان.

مەھتىمىن: 16 - ئەسىردە سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىدا رەتلەنگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى تۆت ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئۇستازدىن شاگىرتقا، ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كېلىپ، ئازادلىق ھارپىسىدا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مۇقام ئۇستازى تۇردىخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر قاتارلىق خەلق مۇقامچىلىرىنىڭ يەنە ھايات بولۇپ قېلىشىنى بىزنىڭ بەختىمىز دېسەك بولىدۇ؛ شۇ يىللاردا يەنە ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





چۈشىنىدىغان قاسىمجان قەمبىرى، زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق سەنئەت پېشىۋالىرىمىزنىڭ بولۇشىمۇ بىزنىڭ چوڭ تەلىيىمىز، قاسىمجان قەمبىرى 1950 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىدە مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكىنى تۇنجى بولۇپ بايقاپ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سەيپىدىن ئەپەندىگە مەلۇم قىلىش بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتىنىڭ تۇنجى بېتىنى ئاچتى. ئەلۋەتتە بۇ بايقاشنىڭ ئەھمىيىتىنى سىز مەندىن ياخشى بىلىسىز. بۇ ئادەتتىكى بايقاش ئەمەس. قاسىمجان قەمبىرى 1934 ـ يىلدىن كېيىن ئىلىدا سانايىنەپىسنىڭ يېتەكچىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. ئىلىدىكى ھاسان تەمبۇر، ھۈسىين تەمبۇر، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇقامچىلار چالغان مۇقام ئاھاڭلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، مۇقام ئاھاڭلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم ئىدى. ئەگەر ئۇ ئادەتتىكى بىر ئادەم بولغان بولسا تۇرداخۇن ئاكىنىڭ يېتۈك بىر مۇقام ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى بايقىماي ئۆتكۈزۈۋەتكەنمۇ بولاتتى. تۇرداخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر قاتارلىق بۇ مۇقام ئۇستىلىرى 1950 ـ يىلدىن كېيىن ئۇرۇمچىگە بىر نەچچە نۆۋەت كېلىپ، ئۆزلىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇقام ئاھاڭلىرىنى سىمغا، لېنتىغا بېرىپ بولۇپلا قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ـــ تۇرداخۇن ئاكا 1956 ـ يىلى 76 يېشىدا، روزى تەمبۇر 1957 ـ يىلى 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بىز ئەنە شۇ چاغدىلا خەلق ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشتۇرغان ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتىنىڭ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بولسىمۇ ناھايىتى ۋاقتىدا ئىشلەنگەن ئۇلۇغ خىزمەت بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. لېكىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ قويغان بىلەنلا كۇپايە قىلمايتتى. يەنە ئۇنى رەتلەش، ئالمىشىپ قالغان، بىر مۇقامدىن 2 ـ بىر مۇقامغا ئۆتۈشۈپ كەتكەن ئاھاڭ، تېكىستلەرنى توغرىلاش، كەم ـ ئوشۇق يەرلىرىنى تەڭشەپ تولۇقلاش دېگەندەك نۇرغۇن ئىشلار تېخى ئىشلەشنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ ئىشلارنى ئەمدى كىم قىلىدۇ؟ كىملەر قىلالايدۇ؟ مانا شۇ چاغدا سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ ئېسىگە بىرىنچى بولۇپ كەلگەن كىشى زىكرى ئەلپەتتا بولغان.

ئابلىمىت: ھازىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملىرىمىز خېلى يېتىشىپ قالدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا مۇنداق تەييار ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاپماق تەس ئىدى. ئاڭلىشىمچە، سەيپىدىن ئەپەندى شۇ چاغدا زىكرىكام بىلەن تىيىپجان ئېلىيېفنى چاقىرتىپ، زىكرىكامنى «مۇقام ئۇستاز»، تىيىپجان ئېلىيېفنى «مۇقام كاتىپ» دەپ بەلگىلەپ، ئۇلارغا ۋەن تۇڭشۇنى قوشۇپ بىر گۇرۇپپا ئۇيۇشتۇرغانىكەن. زىكرىكام مانا شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، خەلقىمىزنىڭ مۇزىكا بايلىقى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. تۇرداخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر قاتارلىق پېشىۋالىرىمىز مۇقام ئاھاڭلىرىنى ساقلاپ قالغان بولسا، زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق مۇقام ۋارىسلىرىمىز ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈپ يورۇقلۇققا چىقاردى.

مەتىمىن: زىكرى ئەلپەتتا ۋاپاتىدىن ھازىرغىچە 30 يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ يىللار ئىچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە مۇقام ئانسامبىلى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنىپ مۇقام ئىشلىرىمىزدا زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ مۇزىكا قامۇسىمىزنى پۈتۈن مەملىكەت بىلدى، دۇنيا تونىدى. 2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىر ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ پارىژدىكى باش ئىشتابى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك ئەسەر» بولۇپ باھالانغانلىقىنى ئېلان قىلدى⑥. بۈگۈنكى نەتىجىلىرىمىزدىن خۇشاللانغان چېغىمىزدا شۇ نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپتە، ئەڭ قىيىن شارائىتلاردا، ئەڭ پىداكارانە روھ بىلەن ئۆز ئەجرىنى تۆككەن تۆھپىكارلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 4 ـ سان.
② «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 6 ـ سان.
③ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىل 4 ـ سان.
④ «ئىلى تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 27 ـ كىتاب، 77 ـ بەت.
⑤ 1981 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلان قىلغان «ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابقا قاراڭ.
⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2013 ـ يىل 5 ـ سان، 79 ـ بەتكە قاراڭ.

# بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

پېتىر سىمە (گېرمانىيە)



ئەمدى بىز بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ساقلانمىلىرى (يازمىلىرى، بۇيۇملىرى) ئىچىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلىرىنىڭ ① چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان 8000 پارچە ۋەسىقە پارچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرىمىز②. شۇڭا بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بۇ بىر قىسىم ۋەسىقىلەر باشقا جايلاردا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە قارىغاندا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

بۇ ۋەسىقە پارچىلىرى ئاساسلىقى بىر قىسىم يانتۇ ھالەتتە ئورالغان كىتاب پارچىلىرى، سانسكرىت يېزىقى بىلەن يېزىلغان ۋەسىقە پارچىلىرى، ئوخشىمىغان شەكىللەردىكى كىتابلار ۋە ياغاچ مەتبەئە بۇيۇم پارچىلىرى بولۇپ③، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ يېزىقنىڭ مەنبەسىنى خېنىنىڭ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئارامىي يېزىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى دەلىللىدى ④. لېكىن بۇ قاراشنىڭ ئاساسى يوق. بۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان، بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇيغۇر مانىستلىرى (مانى دىنى مۇرىتلىرى، مانىزمچىلار) ھەم مانى يېزىقىنى، ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ۋەسىقە پارچىلىرى تۆرك رونىك يېزىقى بىلەن يېزىلغان⑤، شۇنداقلا يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ۋەسىقە پارچىلىرى سۇرىيە يېزىقى⑥، تىبەت يېزىقى⑦ ۋە براھمى⑧ يېزىقىدا يېزىلغان، بىر پارچە موڭغۇل يېزىقىدىكى ۋەسىقىگە بېسىلغان تامغىدا ھەتتا باسپا يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەزمۇنلار بار ئىكەن ⑨. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىشلىتىلگەن يېزىقلارنىڭ تۈرلىرىدىن بۇ ۋەسىقە پارچىلىرىنىڭ مەزمۇن تەۋەلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ⑩. مەسىلەن، بۇددا مۇرىتلىرى (بۇددىستلار) مانى يېزىقىنى ئىشلەتمىگەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە براھمى يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنىغا دائىر مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەرمۇ بايقالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

يەنە باشقا شەكىللەردىكى تەۋەلىكلەردىن بىر پارچە ۋەسىقىنىڭ تۈرىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مانى ۋەسىقىلىرىدە بىر خىل ئالاھىدە تىنىش بەلگىلەر ئىشلىتىلگەن ⑪. بۇ خىل ھادىسە باشقا مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەردە بايقالمىدى، ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنى، مانى دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ھېچقاندىقى ياغاچ مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن بېسىلمىغان⑫.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسىنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس ⑬. بەزى ۋەسىقىلەردە مۇقەددىمە ۋە خاتىمە قىسمى بار، ئەمما كۆپ قىسىم ۋەسىقىلەردىكى مۇقەددىمە ۋە خاتىمە 12 مۆچەل بويىچە خاتىرىلەنگەن. شۇڭا كۆپ قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلغان كونكرېت يىل-دەۋرىنى ئايرىشقا ئامالسىزمىز. پەقەت ئاز ساندىكى ئەھۋالدا بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار. ئەمما بىر قىسىم مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىكى ئەھۋاللار ۋە باشقا بىر قىسىم ئانچە بىۋاسىتە بولمىغان سەۋەبلەردىن قارىغاندا، كۆپ قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ۋەسىقىلىرى ۋە ئەڭ قەدىمكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ يىل دەۋرى 8-، 10-ئەسىرلەرگە تەۋە ئىكەن. مىلادى 10-، 13-ئەسىرلەرگە تەۋە ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر ۋەسىقىلەر ئىكەن. تېخىمۇ كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە بولغان بىر نەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا دىنى كىلاسسىك كىتابلىرى ۋە يىل دەۋرى ئېنىق بولغان بىر قىسىم ۋەسىقىلەر بار ئىكەن.

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ئالاھىدە قىممىتى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئورقۇن-يېنسەي ئابىدىلىرىدىن كېيىن بىز كۆرگەن ئەڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۈرك-ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ۋەسىقىلىرىمۇ 9-ئەسىردە قوچۇغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ مەدەنىيەتنى مانى ۋە بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە قوشنىلىرى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى [14].

20-ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن تۆت قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قىممەتلىك ماددىي مەدەنىيەت خەزىنىلىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى بېرلىنغا ئېلىپ بارغاندىن باشقا، يەنە زور بىر تۈركۈم قەدىمكى ۋەسىقە پارچىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن[15]. بېرلىندا موللېر، فۇۋېي ۋە لېكوك قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى رەتلەش خىزمىتىگە دەرھاللا كىرىشكەن. 1904-يىلىلا، موللېر «ئېستر ئانكېسو يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان، كېيىن ئايرىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تۇۋا-دۇئانامىسى»نىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتكەن. موللېر بۇددا دىنىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، لېكوك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنى ۋەسىقىلىرىنى تەتقىق قىلغان.

بۇ ۋەسىقىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ساقلىنىملارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئىنچىكە بولغاچقا ئالاھىدە قىممەتلىكتۇر. تۇرپاندىن بايقالغان مانى دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىران تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنى يازمىلىرى ئىچىدە «مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تۇۋا دۇئانامىسى» ئەڭ ئەھمىيەتلىكتۇر، ھازىر بايقالغان ۋەسىقىلەر 20 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنى لېكوك ئېلان قىلدى[16]. شۇنىڭ بىلەن بىللە باڭ[17]، سىكادېر[18] ۋە ئاسمۇسسېن[19] قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن بۇلارنى تەتقىق قىلدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى خىزمەتلىرى بۇ ۋەسىقىلەرنى بايان قىلىشقا مۇستەھكەم ئاساس سالدى. «مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تۇۋا-دۇئانامىسى»دىن باشقا يەنە باشقا تۆردىكى تۇۋا-دۇئانامە ۋەسىقىلىرىنىڭ پارچىلىرى تېخى ئېلان قىلىنمىدى[20]. بۇ يەردە يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە خەت-چەكنى كۆپچىلىكنىڭ دىققەت نەزەرىگە سېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ خەتتە «مانى دىنى تۇۋا-دۇئانامىسى»دا كىشىلەرگە تونۇش بولغان پارتىيە تىلىدىكى سالامەتلىك ئەھۋالىدىن مەسلىھەت سوراشقا دائىر مەسىلىلەر كۆرۈلگەن[21]. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ مۇھىم قىممىتى شۇكى، ئۇ ئېھتىمال مانى دىنى مەنىۋى داھىيسىغا يېزىلغان بىر پارچە خەت ئىكەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ خەت بەك بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىق قىلىشقا ئامال بولمىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر ئىچىدە يەنە «ساپۇراخان»نىڭ تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مانى دىنىنىڭ كىلاسسىك دەستۇرىغا دائىر يەتتە پارچە ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرى بايقالدى[22]. بىر پارچە ئالاھىدە مەتبەئە بۇيۇمىدا ۋېلھېلىم باڭ مانى دىنىدىكى دىنىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى[23]. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە بۇددا پېشۋالىرىنىڭ شاھزادە ۋاقىتلىرىدىكى ھېكايىلىرىدىن تاللانما ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە گىگانت ئادەمنىڭ ھاياتىغا دائىر ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ۋەسىقىلەردە يۇناننىڭ «ئىزوپ مەسەللىرى» تەرجىمىسىنىڭ بىر قىسىم پارچىلىرى تەسۋىرلەنگەچكە، ئۇلار ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. راسونيى[24] بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ[25] مەنبەسى، ئۇنىڭ تارقىلىش مۇمكىنچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەدھىيە شېئىرلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شېئىرلارنىڭ ئەسلىي تېكىستىمۇ بايقالدى[26]. بۇ يەردە مىسال كەلتۈرۈلگەندىن سىرت، ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان مەتبۇئاتلار يەنە كۆپلىگەن ۋەسىقە پارچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمىلىرىنى بېكىتىش ئىنتايىن تەس ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا

يەنە، ئېلان قىلىنمىغان نۇرغۇنلىغان ۋەسىقە پارچىلىرى بار ئىكەن[27]. بۇنىڭدىن مانى دىنى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى تەھقىقلەش خىزمىتىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز[28].

بېرلىن ساقلانمىلىرى ئىچىدىكى تارىخىي ۋەقە تەسۋىرلەنگەن مانى دىنىدىكى بىردىنبىر بىر پارچە ۋەسىقىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك مەسىلىلىرى بايان قىلىنغان[29]. مانى دىنىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋەسىقە پارچىلىرى قايتا ئىشلىتىلگەن (كونا ۋەسىقىنىڭ يەنە بىر يۈزىگىمۇ خەت يېزىلغان). بۇ بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى ئىچىدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ[30].

بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى بېرلىن ساقلانمىلىرى ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ[31]. بۇ يېزىق خاتىرىلەنگەن نومlardın مۇشۇنداقلا تېز يازما خەت شەكلى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ. ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان يازما شەكلى سانسكرىت يېزىقى بىلەن يېزىلغان ۋەسىقە پارچىلىرى بولۇپ، يەنە كۆپلىگەن ياغاچ مەتبەئەدە تىزىلغان بۇددا دىنى نوملىرىنىڭ نۇسخىسى بار ئىكەن. بىر نەچچە پارچە ۋەسىقە قارا رەڭ بىلەن يېزىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قىزىل موي قەلەم بىلەنمۇ يېزىلغان. قىزىل موي قەلەم بۇددا، ئاۋالكسۇۋارا بۇدساتۋانىڭ ئىلاھلىق ئورنىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى بېغىشلىما ئۈچۈن يېزىلغان. بىر نەچچە ۋەسىقىدە بىر نەچچە ياغاچ مەتبەئەدە تىزىلغان سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە رەسىم قىستۇرۇلغان، ئۇنىڭغا يەنە يېزىقمۇ كىرگۈزۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇر ئۇستىلارنىڭ قوللىرىمۇ چىقىرىلغان.

كۆپ ساندىكى بۇددا دىنى نوم پارچىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. پەقەت ئاز بىر قىسمى زاڭزۇ يېزىقى ياكى بىراھمىي يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقى قەدىمكى تۈرك تىلى فونېتىكا تەتقىقاتىغا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان كۆپ ساندىكى ۋەسىقىلەر تەرجىمە ئەسەرلەردۇر. يېشىپ ئوقۇلۇپ بولۇنغان ۋەسىقىلەرنىڭ مۇقەددىمىسىدىن قارىغاندا، خەنزۇ



تىلى، زاڭزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، توخرى تىلى، سوغدى تىلى ۋە كۇسەن تىلى (يەنى توخرى تىلىنىڭ B دىيالېكتى، ئاگنى تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق ئېپتىدائىي تىللار ئىشلىتىلگەن. يېقىندا رەشىت رەھمەتى ئارات ئېلان قىلغان بۇددا دىنىدىكى باش قاپىيەلىك شېئىرلار ئېپتىدائىي (ئەسلىي) ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[32].

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل ئاتالغۇلار بارلىققا كەلدى، ئۇ ئاساسلىقى بەشبالىقلىق تەرجىمان ۋە ئالىم سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن كەلگەن. ئوخشىمىغان ئەنئەنىدىن كېلىپ چىققان بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرى ئۇزاق مەزگىل موڭغۇل بۇددا دىنىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسە شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە ۋەسىقىدە موڭغۇل تىلىدىكى بۇددا دىنى ئاتالغۇسىنىڭ كۆرۈلۈشىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى نوملىرىدا نوم سۆزلەشكە دائىر ۋەسىقىلەر ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تەمسىل ياكى يارالمىش قىسسەلىرى بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ۋەسىقىلەرنى مۈللېر ۋە ئاننا مارىيا فون گابائىن ئېلان قىلغان[33]. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنى نوملىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى توخرى تىلىدىكى «مايترى سىمىت» ناملىق ۋەسىقىدۇر. بۇ ۋەسىقە شۇنچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىكى، چۈنكى ئۇنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئادەم ئۇنى بىر كۆرۈپلا سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان سەنئەتنىڭ بىر قىسىم پەردىلىرىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. ئاننا مارىيا فون گابائىن بېرلىن ساقلانمىلىرىنىڭ فاكسىمىلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 227 پارچە رەسىم كىرگۈزۈلگەن㉞. يېقىندا يەنە بىر پارچە مۇشۇ تۈردىكى تېخمۇ مۇكەممەل ۋەسىقە «مايتىرى سىمىت» قومۇلدا بايقالغان. ئۇ جەمئىي 608 بەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى زور بىر قىسمى ياخشى ساقلانغان㉟.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تېخىچە ئېلان قىلىنمىغان بىر قانچە پارچە ۋەسىقىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى تا ھازىرغىچە تېخى ئېنىق بولمىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە ئەسەر «بەشنامە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ۋەسىقىنىڭ ئېنىقلىنىپ بولۇنغان پارچىسى شىر بىلەن بۇقا ھېكايىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. بۇ ھېكايە بۇددا يارالمىش قىسسەلىرىدە كۆرۈلگەنمۇ يوق دېگەن مەسىلە تېخى ئايدىڭلاشمىدى.

ئېنىقلىنىپ بولۇنغان ۋەسىقە پارچىلىرىدا «ساددىھارما پۇندارىكا سۇترا»نىڭ تەرجىمىسىنىڭ كوپىيەسى (كۆچۈرۈلمىسى)، يەنە تېخمۇ كۆپلىگەن ساندىكى «ئالتۇن يارۇق» ۋەسىقىلىرى بار ئىكەن. بۇ تا ھازىرغىچە بىلىنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھەجمى ئەڭ چوڭ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول ۋەسىقىنىڭ بىرىدۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ ۋەسىقە تا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى㊱. لېنىنگرادتا بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە بولغان، مەزمۇنى تېخمۇ مۇكەممەل بىر نۇسخىسى ساقلانماقتا㊲. شۇڭا بۇنداق مۇھىم ۋەسىقىنى ئېلان قىلىش سوۋېت تۈرك تىلشۇناسلىرى بىلەن ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىدىن سىرت، «جاتاكا نومى»نىڭ تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. كومراجىۋا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان «جاتاكا نومى» ناھايىتى كەڭ تارقالغان. مۇشۇنى ئاساس قىلىپ جۇڭگو راھىبلىرى كۆپلىگەن كىلاسسىك كىتابلارنى يېزىش ئۈچۈن دۇنخۇاڭدا ساقلانغان ۋەسىقىلىرىدىن پايدىلانغان. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ساقلانمىلىرى ئىچىدە بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىنىڭ سانى ئالتە خىلغا يېتىدۇ. رىيوگون خاكۇ خارا 1968-يىلى بېرلىندا تۇرغان ۋاقتىدا بۇلارنى سېلىشتۇرغان. بۇ ۋەسىقە «تۇركچە تۇرپان تېكىستلىرى»نىڭ 11-خېلى سۈپىتىدە㊳ دوكتور خازاي بىلەن مېنىڭ ھەمكارلىقىمدا ئېلان قىلىندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەر ئادەتتىكى دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ تۇۋادۇئانامىسىدۇر㊴. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە «كىسانتى قىلغۇلۇق نوم» ناملىق يەنە بىر ۋەسىقىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ۋەسىقە ئۆلۈم مۇراسىمىدا ئوقۇلۇپ كەتكۈچىنىڭ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن. خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، مەزمۇنى مول بولغان بۇ ۋەسىقىنى كىلاۋسۇن رۆھرىبورن تەتقىق قىلىپ نەشر قىلدۇردى ھەمدە «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»گە كىرگۈزۈلدى㊵. مەيىر خانىممۇ ھازىر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەسىقىنى رەتلەۋاتىدۇ. بۇ ۋەسىقە ئادەتتىكى خەت شەكلىدە سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان، بىز يەنە بۇددا دىنىنىڭ مەخپىيەت مەزھەپىگە دائىر ۋەسىقىلەردۇر، بۇلارنىڭ بىر قىسمى رەتلىنىۋاتىدۇ. موللېر بۇ ۋەسىقىنى «لاما دىنى سېھرىگەرلىكىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى» دەپ نام بەردى㊶.

ئەڭ ئاخىرىدا بىز ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ پەقەت بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. خۇددى ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكەندەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرى ئىچىدە يەنە بىر قىسىم ھەجمى چوڭراق بۇددا دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تېزكان 70 بەتلىك بىر ۋەسىقىنى رەتلىگەن. ئۇ بىر تەمسىل خاراكتېرلىك ھېكايە ۋە بىر كۇپلېت مايترىنى مەدھىيەلەيدىغان شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن㊷. بۇ ۋەسىقە سۇندارى نومىنى ئاساس قىلغانىكەن.

بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن تەس، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ، ئۇنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش كېرەك. ھازىرغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ بۇددا دىنى تەتقىقاتىدىكى مۇھىملىقىنىڭ قانچىلىكلىكى ئايان ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەشر قىلىنىش مىقدارى (نىسبىتى) ئىنتايىن ئاز، بۇلارنى ھازىر تولۇقى بىلەن نەشر قىلىشقا ئاز قالدى دېيىشكە بولىدۇ. كاتالوگىنى تۈرغۇزۇش، رەتلەش داۋامىدا ئەڭ مۇھىم ۋەسىقىلەر تاللاپ نەشر قىلىنىدۇ.

سانى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئەھمىيىتى زور بولغان ۋەسىقىلەر زورۇرۇ ئاستىر دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەردۇر㊸، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى

تۇيۇقتىن تېپىلغان. ھازىر پەقەت سېھىرگەرلىكنىڭ دۇئالىرىغا دائىر ئىككى پارچە ۋەسقىلا كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولدى[44]. بۇ ئىككى پارچە ۋەسقىنىڭ ئەسلىسى مەسىھنىڭ 12 ئەلچىلىرىنىڭ بىرىگە دائىردۇر، ئەمما «ئەلچىلەر تەرجىمىھالى»دا تۆۋەندىكى مەزمۇنلار كۆپ كۆرۈلگەن:

سوۋغاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن خىرستوس (مەسىھ) مانگىردا توختاپ يۇمىلاق بىر تاشنى سېھىرگەرلەرگە بەردى. سېھىرگەر تاشنى قانچە قىلىپمۇ يۆتكىيەلمىدى، ھايۋانلارغا سۆرىتىپمۇ باقتى، ئۇلارمۇ سۆرىيەلمىدى. كېيىن ئۇلار ئۇنى ئۆلچەپ بېقىپ ئارقىدىنلا ئۆتەر يولدىكى بىر قۇدۇققا ئىتتىردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار قۇدۇقتىن قورقۇنچلۇق بىر ئوتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئۆرلىگەنلىكىنى كۆردى، شۇندىلا ئۇلار قورقۇپ ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە ئۆزلىرى تاشلىۋەتكەن نەرسىنىڭ قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. مۇشۇ سەۋەبلىك سېھىرگەرلەر تا ھازىرغىچە ئوتتىن قورقىدۇ[45].

«ساينت گېئورگنىڭ ۋەتەن يولىدا قەستكە ئۇچراش خاتىرىسى»نىڭمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى ساقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خىرىستىيان دىنى ئالامەتلىرى تولۇق ساقلانغان پال كىتابىمۇ بار. ئاز ساندىكى سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسقە پارچىلىرىمۇ ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھەجمى چوڭ بولمىغان بىر پارچە ئىبادەتكە دائىر بىر ۋەسقىمۇ بار. يۇقىرى قىسمىغا سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان سۇرىيە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قوش تىل ۋەسقىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىسىمۇ يۇقىرىقى ئىككى خىل تىلدىكى ۋەسقىدۇر[46]. بۇيىلۇقتىن تېپىلغان ۋەسقىلەر ھەققىدىكى خۇلاسە خاراكتېرلىك رەتلەش ۋە تەتقىقاتلار ھازىر ئىلىم ساھەسىدە كۈنتەرتىپكە قويۇلدى[47].

دىندىن خالىي ۋەسقىلەر ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، مەن ئاۋۋال «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»نىڭ 1-تومىدىكى پال كىتابى ھەققىدە توختىلاي، بۇ كىتاب ئۇسلۇب جەھەتتە قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى «پالنامە»گە تەقلىد قىلىنغان، تېكىستتە يەنە بىر قىسىم شېئىرىي شەكىلدىكى ئالامەتلەرمۇ بار.



دىندىن خالىي ۋەسقىلەر ئاساسلىقى قولدا يېزىلغان ۋەسقىلەردە كۆرۈلىدۇ. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان كۆپلىگەن تېببىي[48]، ئاسترونومىيە ۋە يۇلتۇز پالچىلىقىغا ئائىت ۋەسقىلەر ساقلانماقتا[49]. ئۇ خىلدىكى ۋەسقىلەر ئۇيغۇر كالېندارچىلىقىنى تەتقىق قىلىشتا رولى چوڭ، يەنە ئاز ساندىكى ئىقتىسادقا دائىر ۋەسقىلەرمۇ جىق دىققەت-ئېتىبارنى قوزغىيالمىدى[50]. بۇ يەردە ئېلىم-سېتىم توختامى، ۋارىسلىق قانۇنى قائىدە-يوسۇنلىرى، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا دائىر ۋەسقىلەر ۋە شۇلارغا ئوخشاش تۈردىكى ۋەسقىلەرمۇ بار. بۇ ۋەسقىلەرنى رەتلەش ۋە يېشىشتە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىق بار. ئەمما ئۇلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىشتە بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە[51]، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى ۋە پارس، ئەرەب ئەللىرى جەمئىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭ ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز[52].

يەنە دەۋرى نىسبەتەن كېيىنرەك، مەزمۇنى ئالېكساندىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان موڭغۇل تىلىدىكى تەرجىمە ۋەسقىسى بولۇپ[53]، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر نەچچە پارچە ناخشا كۆرۈلىدۇ[54]، يەنە بىر نەچچە ماقالىمۇ بار[55]. ئۇلار ئوخشاش بىر ۋەسقە پارچىسىدا كۆرۈلگەن. تۇرپاندىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسقە پارچىلىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ھەققىدىكى ماقالەمنىڭ ئاخىرىدا مەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالمىغان خەت-چەك پارچىلىرىنى سەمىگە سالغانىدىم[56]، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي شەكلىدىكى بىر قىسىم ئېلېمېنتلىرى «قۇتادغۇبىلىگ»تىكى بىر قىسىم قاپىيەلەر بىلەن ئوخشىشىپ كەتكەچكە شۇڭا مۇھىم دەپ قارالماقتا. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت-چەكلەر سىرتقى جەھەتتە ئىگە بولغان ئالاھىدىلىك موڭغۇل يېزىقىدىكى خەت-چەكلەر ۋە بىر قىسىم كىلاسسىك كىتابلاردا ۋارىسلىق قىلىنغان.

مەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسقىلەرنىڭ ساقلىنىش، رەتلىنىش ئەھۋالى ھەققىدىكى بۇ قىسقا ماقالەمدە ۋاقىت قىسلىقى سەۋەبلىك تەبىئىي ھالدا يا ئۇنداق يا مۇنداق كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. يۇقىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىكتى
www.uyghurkitap.com





دېيىلگەن ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ رەتلىنىش ۋە يېشىش خىزمەتلىرى كۆپلىگەن ئالىملار تەرىپىدىن مەسىلەن، موللېر، فۇيىگ، لېكوك، گابائىن، ئارات شۇنداقلا باشقىلار تەرىپىدىن ئورتاق تاماملانغان.

مەن بۇ يەردە ۋېلھېلىم باڭنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمەن، بىز 1969-يىلى 8-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلىدۇق. ئۇ تۇرپان ۋەسىقىلىرىنىڭ مۇپەسسەل بايان قىلىنىشى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلارنىڭ تەسۋىرلىنىشلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا ئاساس سالغان.

گەرچە يۇقىرىقىدەك مەغرۇرلانغۇدەك نەتىجىلەر بولىسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن ۋەسىقە ۋە ماتېرىياللار تېخىچە رەتلەنمىدى. رەتلەنمىگەن بۇ ۋەسىقەلەرنى يېشىشتە ئالىملارنىڭ بۇ ساھەدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى بەك مۇھىم. ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى كۈنسېرى ئىپادىلىنىپ چىقماقتا.

بۇماقالە «شەرق ساقلانما كىتابلىرى ۋە يىغما بويۇملار» (ORIENTALISTISCHE BIbliotheken und Sammlung) نىڭ 1970-يىللىق سانىنىڭ 39-، 53-بەتلىرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

بۇ ماقالە يەنە يالڭ فۇشۇ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر تەرجىمە ماقالىلەردىن تاللانما» دېگەن كىتابقىمۇ كىرگۈزۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىندى، بۇ كىتاب گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2012-يىلى نەشر قىلىنغان.

ئىزاھلار:

① بۇ ۋەسىقە ھەمدە تەتقىقات خىزمىتى نەشرى بۇيۇملىرىنىڭ كاتالوگى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ: ئاننا مارىيا فون گابائىن «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» لېيپزىگ، 1950-يىلى، 225-، 246-بەتلەر؛ لاۋېنتال «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللار ۋە ئۇلارغا دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ تەتقىقات كاتالوگى» گىراۋېنخاگى، 1957-يىلى، 26-، 34-بەتلەر، سىنور «ئوتتۇرا ياۋرو-ئاسىيا تەتقىقاتىدىن ئومۇمىي بايان»، ۋېسبادېن، 1963-يىلى، 86-، 96-بەتلەر.

② ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ماينىزدا (كېيىن ماربۇرگقا يۆتكەلگەن، ھازىر غەربىي بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ) بۇ ۋەسىقىنىڭ پارچىلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ: شىناس تېكىن «ماينىزدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگى»، بۇ ماقالە ئېلان قىلىنمىغان، شىناس تېكىن «ماينىزدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ساقلانمىلىرى ئىچىدىكى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 3-توم، موسكۋا، 1963-يىلى، 319-، 321-بەتلەر. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ۋەسىقە پارچىلىرى ھازىر بېرلىن مىللەتشۇناسلىق (ئېتنوگرافىيە) مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

③ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ: «ئاننا مارىيا فون گابائىن «قەدىمكى تۈرك تىلى يازما مەدەنىيىتى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى» «قەدىمكى تۈرك تىلىدىن ئاساس» 2-توم، ۋېسبادېن، 1964-يىلى، 171-، 178-بەتلەر.

④ خېنىڭ: «توخرى تىلىنىڭ نامى» «بۈيۈك ئاسىيا» 1-توم، 1949-يىلى، 159-بەت.

⑤ لېكوك: «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر»، «پىرۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى» ئىلمىي ژۇرنىلى، 1909-يىلى، 1047-، 1061-بەتلەر.

⑥ سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر پارچە ۋەسىقە بولۇپ، ئۇنىڭغا M152 دەپ نومۇر سېلىنغان. بۇ ھەقتە يەنە تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ: ئاننا مارىيا فون گابائىن «قەدىمكى تۈرك تىلى يازما مەدەنىيىتى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى»، 184-بەت، يەنە بىر نەچچە پارچە ئېلان قىلىنمىغان ۋەسىقە پارچىسى تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى قۇرۇق تاغدىن تېپىلغان. بۇ ھەقتە لېكوكنىڭ «شىنجاڭدىكى گرېك ئىزلىرى» ناملىق ئەسەرگە قاراڭ، لېيپزىگ، 1926-يىلى، 36-بەت.

⑦ كلاۋسون: «تۈرك ۋە موڭغۇل تىلى تەتقىقاتى»، لوندون، 1962-يىلى، 96-، 100-بەتلەر.

⑧ ئاننا مارىيا فون گابائىن: «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» 8-توم، بېرلىن، 1854-يىلى.

⑨ ئاننا مارىيا فون گابائىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى يازما مەدەنىيىتى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى»، كلاۋسون: «ئالتاي ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىشى»، «ئالتاي مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى» 1963-يىلى، 139-، 142-بەتلەر.

⑩ لىگەتي: «قەدىمكى موڭغۇل تىلى ۋەسىقىلىرىدىن تاللانما» 1-توم، بوداپېشت، 1963-يىلى، 157-بەت.

⑪ ئاننا مارىيا فون گابائىن: «قەدىمكى بىراھمىي يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ئاپتورى»، «شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى» 5-سان، ئومۇمىي 28-توم، خېلىنسكىي، 1954-يىلى، 3-، 44-بەتلەر.

⑫ لېكوك: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى بۇددىزم»، 2-توم، «مانى يېزىقىدىكى زىچ رەسىملەر»، بېرلىن، 1967-يىلى، 6-بەت.

⑬ ئاننا مارىيا فون گاباين: «تۇرپان ساقلانمىلىرى ئىچىدىكى باسما بۇيۇم»: «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى، تىل-ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قىسمى»، 1967-يىلى، 1-سان، 6-بەت.

⑭ بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدىكى دەلىللەشكە دائىر مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكىلەردىن قاراڭ: «رەشىت رەھمىتى ئارات: «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، 7-توم، 1936-يىلى، 79-، 83-بەتلەر؛ ئاننا مارىيا فون گاباين «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يىل خاتىرىلەش ئۇسۇلى» «ئورال-ئالتايشۇناسلىق يىللىق مەجمۇئەسى»، ئومۇمىي 27-توم، 1955-يىلى، 191-، 203-بەتلەر.

⑮ ئاننا مارىيا فون گاباين: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى، تىل-ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قىسمى»، 1961-يىلى، 7-سان، بېرلىن.

⑯ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈڭ: بويىس «گېرمانىيە تۇرپان ساقلانمىلىرى ئىچىدىكى مانى دىنىغا دائىر ئىران تىلىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگى»، بېرلىن، 1960-يىلى، كىرىش سۆز قىسمى، 9-35-بەتلەر.

⑰ لېكوك: «مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ توۋا-دۇئانامىسى» «بېرلىن پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى توپلىمى»، 1910-يىللىق سان، بېرلىن، 1911-يىلى، دوكتور ستەيىن: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ توۋا-دۇئانامىسى›»، «خانلىق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»، 1911-يىلى، 277-، 314-بەتلەر.

⑱ ۋىلھېلىم باڭ: «مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ توۋا-دۇئانامىسى» «مۇزېي» 35-توم، 1923-يىلى، 137-، 242-بەتلەر.

⑲ سىكادىر «مانى دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى»، «شەرق ژۇرنىلى» 28-توم، لېيپزىگ، 1936-يىلى، 80-، 109-بەتلەر.

⑳ ئاسمۇسسېن: «مانى دىنى توۋا-دۇئانامىسى: «مانى دىنى تەتقىقاتى»، كوپېنھاگېن، 1965-يىلى.

㉑ (U5464) TID615، (U5501) TII894 ۋە (U5511) TIID93 نومۇرلۇق ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

㉒ بۇ ۋەسىقە پارچىسى (U5281) TM197، (Ch/U6854) TII122 نومۇرلۇق ۋەسىقىلەرمۇ مۇشۇ ۋەسىقىلەرگە ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋەسىقىلەردۇر.

㉓ ئانناماريا فون گاباين: «قەدىمكى تۈرك تىلى ئەدەبىياتى، «قەدىمكى تۈرك تىلىدىن ئاساس»، 2-توم، ۋىسبادېن، 1964-يىلى، 234-بەت.

㉔ ۋىلھېلىم باڭ: «مانى دىنىدىن لېكسىيەلەر»، «مۇزېي» 44-توم، 1931-يىلى، 1-، 36-بەتلەر. ئاسمۇسسېننىڭ «مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ۋاستىچى مانى دىنى»، 2-توم، 1966-يىلى، 5-، 21-بەتلەر.

㉕ راسونىي: «‹ئىزوپ مەسەللىرى›نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پارچىلىرى»، «ۋېزانتىيە-يېڭى يۇنان يىللىق مەجمۇئەسى» 1930-يىللىق 7-سان، 429-، 443-بەتلەر.

㉖ بۇ ھەقتە يەنە «ئىزوپ مەسەللىرى»نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە پېتېر سىمەنىڭ «‹ئىزوپ مەسەللىرى›نىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى پارچىلىرى»، «شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى خاتىرىلىرى»، 1968-يىلى، 45-، 67-بەتلەر.

㉗ ئاننا مارىيا فون گاباين: «قەدىمكى تۈرك تىلى ئەدەبىياتى»، 232-بەت، 233-بەتلەر؛ رەشىت رەھمىتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ئەنقەرە، 1865-يىلى، 1-، 7-نومۇرلۇق ۋەسىقىلەر.

㉘ پېتېر سىمە: «مانى دىنىغا دائىر تۈرك تىلىدىكى بىر پارچە شېئىر»، «تۈرك تىلى تەتقىقاتى يىللىق ژۇرنىلى»، 1969-يىلى، 39-، 51-بەتلەر؛ «مانى يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنىغا دائىر تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقە پارچىسى»، «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 23-توم، 1970-يىلى، 157-، 165-بەتلەر.

㉙ پېتېر سىمە: «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى مانى دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ تىلى ۋە يېزىقلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالە، ئېلان قىلىنمىغان.

㉚ «قوچۇدىن تېپىلغان مانى دىنىغا دائىر بىر پارچە كىتابنىڭ پارچىسى»، «تومسوننى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، لېيپزىگ، 1912-يىلى، 145-، 154-بەتلەر.

㉛ ئاننا مارىيا فون گاباين: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يىل خاتىرىلەش ئۇسۇللىرى»، 191-، 203-بەتلەر؛ «قەدىمكى تۈركلەر تۇرمۇشىدا يايلاق ۋە شەھەر»، «ئىسلام دىنى»، 29-توم، 1949-يىلى، 30-62-بەتلەر.

㉜ ئاننا مارىيا فون گاباين: «قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى»، 221-، 230-بەتلەر؛ دېنىس سىنور: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىدە بۇددىزم»، «كۆرۈسى كىسۇما ئارخىپلىرى»، 1-تومنىڭ تولۇقلىمىسى، 1939-يىلى، 353-، 390-بەتلەر. تىلو: «بېرلىندىكى تۇرپان ساقلانمىلىرىدىكى بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ رەتلىنىش، تەتقىق قىلىنىشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، «بۇددىزم يىللىق مەجمۇئەسى»، 1967-يىلى، 80-، 82-بەتلەر.

㉝ رەشىت رەھمىتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»، 8-، 27-نومۇرلۇق ۋەسىقىلەر، بۇ ھەقتە يەنە خازايىنىڭ تۆۋەندىكى ئەسىرىگە قاراڭ: «بېرلىندىكى تۇرپان ساقلانمىلىرىدىكى بىر كۇپلېت بۇددىزمچە شېئىر»، «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 23-توم، 1970-يىلى، 1-، 21-بەتلەر.

㉞ موللېر: «ئۇيغۇرشۇناسلىق» 3-توم، «پىروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ماقالىلىرى»، 1920-يىلى، 2-نومۇر، «ئۇيغۇرشۇناسلىق»، 4-توم، گاباين خانىم تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان، «پىروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1931-يىلى، 675-، 727-بەتلەر.

㉟ ئاننا مارىيا فون گاباين: «مايترى سىمىت: قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى بۇددىزمغا دائىر بىر پارچە ۋەسىقە» 1-توم، ۋىسبادېن، 1957-يىلى، 2-توم، بېرلىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



㊱ فىلىك جىياشىلىك: «1959-يىلى قومۇلدىن بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نومى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1962-يىلى، 7-، 9-قوشما سان، 90-، 97-بەتلەر.

㊲ موللېر: «ئۇيغۇرشۇناسلىق» 1-توم، «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ماقالىلىرى»گە بېسىلغان، 1908-يىلى، 2-نومۇر، 17-، 33-بەتلەر.

㊳ رادلوف ۋە مالوفلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باسما تېخنىكا ھەرپى بىلەن سانت پېتېربۇرگتا ساقلىنىۋاتقان «ئالتۇن يارۇق»نى نەشر قىلدۇرغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئەسەرگە قاراڭ: «ئالتۇن يارۇق»، «بۇددىزمشۇناسلىق مەجمۇئەسى»نىڭ 17-تومى، سانت پېتېربۇرگ، 1913-، 1917-يىلى. بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى رادلوف گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان، بۇ نەشرى كۆپلىگەن تەرجىمە ۋە تاۋۇشلارنى ئاساس قىلغان.

㊴ تەرجىماندىن ئىزاھات: كېيىنكى ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغان، بۇ كىتاب «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى»، 1-تومى سۈپىتىدە 1971-يىلى بېرلىندا ئېلان قىلىنغان.

㊵ ئاننا مارىيا فون گابائىن: «قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى»، 227-، 228-بەتلەر؛ پېتېر سىمە: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە پۇشايماننامە (تۇۋانامە)»، «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» 22-توم، 1969-يىلى، 107-، 121-بەتلەر.

㊶ تەرجىماندىن ئىزاھات: كېيىنكى ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغان، بۇ كىتاب «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى»، 2-تومى سۈپىتىدە 1971-يىلى بېرلىندا ئېلان قىلىنغان.

㊷ موللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان لاما دىنىغا دائىر ئەپسۇن شەكلىدىكى بىر كىتاب»، «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1928-يىلى، 381-، 386-بەتلەر.

㊸ T.IIIM (Ch/7379) نومۇرلۇق ۋەسىقە، ئاننا مارىيا فون گابائىن: «تۇرپان ساقلانمىلىرىدىكى باسما بۇيۇم»، «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى، تىل-ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قىسمى» 1976-يىلى، 1-سان 28-بېتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

㊹ تا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ۋەسىقىلەرنى موللېر «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى زورروئاستىر دىنىغا دائىر ‹ساينېت گىئورگىينىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن قەستكە ئۇچراش خاتىرىسى›نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە»، «مۇزېي»، 39-توم، 1926-يىلى، 41-، 75-بەتلەر.

㊺ بۇ يەردە موللېرنىڭ «ئۇيغۇرشۇناسلىق» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1-توم (5-، 10-توم)دا ئېلان قىلىنغان TIIB29 نومۇرلۇق ۋەسىقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ۋەسىقە بۇيىلۇقتىن تېپىلغان. بۇنىڭ HDI (U6) نومۇرلۇق ئىنتايىن كىچىك بىر پارچىسى لېكوك ئېلان قىلغان ۋەسىقىنىڭ كىچىك بىر قىسمى ئىكەن. بۇ ھەقتە لېكوكنىڭ تۆۋەندىكى ئەسىرىگە قاراڭ: «ئۇيغۇر يېزىقلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «شەرق تىلىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»نىڭ 22-تومىغا كىرگۈزۈلگەن، 1919-يىلى، 101-، 102-بەتلەر، كېيىنكىسى قوچۇ قەدىمىي شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان.

㊻ ئاننا مارىيا فون گابائىن: «قەدىمكى تۈرك تىل-ئەدەبىياتى»، 237-بەت.

㊼ بۇ كىتابچىغا TII41 (U338) دەپ نومۇر قويۇلغان.

㊽ تويۇق ۋە قۇرۇقتاغدىن تېپىلىپ تېخى ئېلان قىلىنمىغان ۋەسىقىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە پېتېر سىمەنىڭ تۆۋەندىكى ئەسىرىگە قاراڭ: «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى زورروئاستىر دىنىغا دائىر ۋەسىقە» 12-نۆۋەتلىك ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تاپشۇرۇلغان، بېرلىن، 1969-يىلى.

㊾ مۇشۇ تۈردىكى بارلىق ۋەسىقىلەرنى رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ تۆۋەندىكى ئەسىرىدىن كۆرۈڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىكى» 1-قىسمى «پىروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان، 1930-يىلى، 451-، 448-بەتلەر؛ 2-قىسمىمۇ مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان، 1932-يىلى، 448-، 401-بەتلەر.

㊿ رەشىت رەھمەتى ئارات: «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە ۋەسىقىلەر»③، 7-توم، بېرلىن، 1936-يىلى، 12-نومۇرلۇق ۋەسىقە.

(51) رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، لېنىنگراد، 1928-يىلى، رەشىت رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»، 5-53-بەتلەر.

(52) تېخنوف: «10-، 14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشى» موسكۋا-لېنىنگراد، 1966-يىلى (بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ ئومۇمىي تارىخى»نىڭ بىرى سۈپىتىدە 2013-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، ئۇيغۇرچىسى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ رۇس تىلىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىشى بىلەن 2001-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان — تەرجىماندىن ئىزاھات)

(53) بارتولد: «تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ھازىرى ۋە ۋەزىپىسى»، «گېرمانىيە تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»نىڭ 83-تومىغا بېسىلغان، 1929-يىلى، 121-، 142-بەتلەر.

(54) خەنىش: «بېرلىندىكى تۇرپان ساقلانمىلىرىدىكى موڭغۇلچە ۋەسىقىلەر»، «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 1959-يىللىق 1-سان، بېرلىن، 1959-يىلى، 39-، 48-بەتلەر؛ نىكولاي پوپې: «ئالېكساندىر رىۋايىتىگە دائىر بىر پارچە موڭغۇلچە ۋەسىقە»، «گېرمانىيە تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»نىڭ 107-تومىغا بېسىلغان، 1957-يىلى، 105-، 129-بەتلەر.

(55) ۋىلھېلم بالڭ، رەشىت رەھمەتى ئارات: «تۇرپاننىڭ قەدىمكى خەلق شېئىرلىرى»، «بۈيۈك ئاسىيا»، 1933-يىلى، 129-، 140-بەتلەر.

(56) رەشىت رەھمەتى ئارات: «تۇرپاننىڭ قەدىمكى خەلق شېئىرلىرى»، 34-نومۇرلۇق ۋەسىقە.

(57) تېزكان، پېتېر سىمە: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت-چەك پارچىلىرى»، «تۈركلوگىيە تەتقىقاتى»، بۇداپېشت، 1971-يىلى، 451-، 460-بەتلەر.

ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى (ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)



# سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىدىيەسى ۋە ئۇيغۇر فولكلورى

بۇخەلچەم ئابدۇرېھىم

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر تەھلىل قىلىنىپ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشقا ئائىت بىر قانچە چوڭ مەسىلە تەتقىق قىلىندى ۋە بۇ ھەقتە قارار چىقىرىلدى. سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىش دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى، خەلقنىڭ بەختەر تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، بۇنىڭدىكى مەركىزىي نۇقتا ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىناقلىقى ئورتاق مەقسەت يولىدا كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىدىيەسى بىلەن بىردەك بولغان ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ئورتاق مەقسەتلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ. تېمىمىزنىڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىدىيەسى بىلەن ئۇيغۇر فولكلورى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش.

**ئۇيغۇر فولكلورىدىكى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىردەك مەزمۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ رېئال ئەھمىيىتى**

فولكلور خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىلمىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات شەكىللەندۈرگەن مىللىيلىككە، ئەنئەنىۋىلىككە ۋە شۇ خەلقنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقىلىشچانلىققا ئىگە بولغان ھادىسىلەر فولكلورنى شەكىللەندۈرىدۇ. فولكلور ھادىسىلىرى خەلقنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ياشاش جەريانىدا شەكىللەنگەن بولۇپ ئۇنىڭغا خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى، دۇنيا قارىشى، تەبىئەت قارىشى، ئالەم قارىشى، شۇنداقلا دىنىي ئېتىقادى مۇجەسسەملەنگەن، بىز بۇنىڭدىن خەلقنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، ياشاش ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ قىرلىق مەزمۇنلارنى بىلىپ يېتەلەيمىز. بۇنداق خەلقنىڭ ئەقىل مېۋىلىرى جەملەنگەن قامۇس خاراكتېرلىك خەلق بىلىملىرىنى خىلمۇخىل نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىش، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى**

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ھاسىل قىلغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل ئوخشىماسلىق قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيەلىك ماكان - زامان شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئەنە شۇنداق كۆرۈنەرلىك پەرقلەر مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش، ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ۋە يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا تىپىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختا ئىپتىدائىي ئ.ۋۋچىلىق دەۋرى، يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرى ۋە تېرىم مەدەنىيىتى دەۋرىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تىپلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەمدە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ دەل ئەنە شۇنداق تارىخىي ئىزچىللىق جەريانىدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار غىزالىنىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاساسەن دېگۈدەك كوللېكتىپ غىزالىنىش شەكلىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئادەتتە ئائىلىدىن تارتىپ تاكى چوڭ-چوڭ سورۇنلارغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، داستىخان غىزالانغۇچىلارنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىتتىپاقلىششقا، بىرلىششكە تەشكىللەيدىغان بىر ۋاستە بولىدۇ. ئائىلىدىكى غىزالىنىش ئادەتلىرىدە كۆپىنچە ھاللاردا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تولۇق جەم بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار چوڭ-كىچىككە قاراپ چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، سەمىمىي مېھىر-مۇھەببەت ئاساسىدا غىزالىنىدۇ. غىزا تارتىلغاندا ئاۋۋال چوڭلارغا، ئاندىن باللارغا، ئايالارغا غىزا سۇنۇلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئائىلە ئەزالىرىنى ئىناق، ئىتتىپاق قىلىدىغان غىزالىنىش، يېمەك-ئىچمەك ئادىتىدىن ئىبارەت.

**2. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرلۇك مۇراسىم ۋە ھېيت-ئايەم ئادەتلىرى**

ئىنسانلار ياشاش جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەت تارىخىنى شەكىللەندۈرگىنىگە ئوخشاش بۇ جەرياندا خىلمۇخىل مۇراسىم، ھېيت-بايرام ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، ھېيت-بايراملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئىنسان مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، شۇنداقلا ئادەت شەكلى بولۇپ ئۇ ئىنسانلارنىڭ ياشاش جەريانىدىكى ھەر بىر باسقۇچىغا، بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتلىك ئىش-ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش خۇسۇسىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك ھېيت-بايرام مۇراسىم ئادەتلىرىنى چوڭ جەھەتتىن ئۆمۈر مۇراسىملىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرى، ھۈنەر-كەسىپ مۇراسىملىرى، ئۆي سېلىش مۇراسىملىرى، دەپنە مۇراسىملىرى، دىنىي مۇراسىملار ۋە ھېيت-ئايەم ئادەتلىرى قاتارلىق تەرەپلەرگە





بۆلۇشكە بولىدۇ. بۇنداق مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ ئۆ-
زىگە خاس بولغان ئۆتكۈزۈلۈش شەكلى، قائىدە-
تەرتىپلىرى قۇرۇلمىلىرى بار بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇل-
ما شەكىللەر ھەرقايسى مۇراسىم، ھېيت-ئايەم ئادەت-
لىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى ھەمدە نۇرغۇن
تەرەپلەردىكى ئورتاقلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن.

يۇقىرىقى مۇراسىملارنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش شەكلى-
دىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر چىن ئىنسانىي مېھىر -
مۇھەببەتنى كۈيلەش، سەمىمىي دوستلۇق، ۋاپادارلىق-
نى تەشەببۇس قىلىش، ئىناق - ئىتتىپاق بولۇشنى
مەقسەت قىلىش، ئۆزئارا ھۆرمەت، ئىشەنچنى كۈچەي-
تىش بولۇپ، بۇ ياشاش جەريانىدا بەخت - سائادەتلىك تۇر-
مۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنسان بىلەن ئىنسانىنىڭ ئوتتۇر-
سىدا شەكىللەنگەن مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتە ناھايىتى
چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە زۆرۈر رولغا ئىگە. ئۇيغۇرلار-
نىڭ مۇراسىم، ھېيت - بايرام ئادەتلىرىدىكى بۇ خىل ئىلغار
تەشەببۇس كۆز قاراشلار ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىدىيە-
سى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن بىردەك، بىرسى سىياسىي
شەكىلدە، بىرسى ئۆرپ - ئادەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

### 3. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ تەبىئەت، جەمئى-
يەت، رېئاللىق كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى كۆز قاراش،
پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىناقلىق، ئىتتىپاق-
لىق، سەمىمىيەت، باراۋەرلىك ئەكس ئەتكەن مەزمۇنلار
ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىم-
كى تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە مۇنداق قۇرلار
ئۇچرايدۇ: «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا
بىلەن قالغان، نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، كۆك بۆرە
بولسۇن ئۇران، بەلگە بولسۇن بىزگە بۇيان». بۇ قۇرلار-
دىن بىز ئوغۇزخاننىڭ پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىپ چا-
قىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، سە-
مىمىيەت، ۋاپادارلىق ئەكس ئېتىدىغان مەزمۇنلار ناھايە-
تى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق چۆچەكلىرد-
مىزدە ئىتتىپاقلاشقان قوۋم- قېرىنداشلارنىڭ ناھايىتى
چوڭ خېيىم- خەتەرلەردىنمۇ ئامان قالىدىغان، ئىتتىپاقلاش-
مىغان قېرىنداشلارنىڭ ئادەتتىكى سىناقلاردىنمۇ ئۆتەلمەي-
دىغان مەزمۇنلار بار. بۇ خىل كۆز قاراش ماقال- تەمسىل-
لەردىمۇ ناھايىتى كۆپ ئەكس ئەتكەن. ئۇيغۇر خەلق
ماقال- تەمسىللەردە ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق تەشەببۇس قى-
لىنغان مەزمۇنلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن،
«بىرلەشكەن ئۇزار، بىرلەشمىگەن توزار»، «يالغۇز
«ئاتنىڭ چىڭى چىقماس، چىڭى چىقسىمۇ دىڭى
چىقماس»، ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە
يەر»، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە»
قاتارلىقلار. بۇ ماقال- تەمسىللەردە ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق
تېمىسى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئىناقلىق، ئىتتىپاق-
لىق، ئۆملۈك تېمىسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدە-
بىياتىدىكى ھەرقايسى ژانىرلاردا ئىتتىپاقلىق تېمىسى ئالاھى-
دە كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز-
نىڭ مۇھىم تېماتىكا مەزمۇنلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ خىل قا-
راشلار ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا سوتسىيالىستىك
ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي روھى
ۋە ئەسلىي مەقسەتلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

### 4. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى ۋە خەلق ئويۇنلىرى

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى
ۋە خەلق ئويۇنلىرىدا ئوخشاش بولمىغان پەرقلەر ساقلان-
غان بولۇپ، بۇ خىل پەرقلەر شۇ خەلقنىڭ مىللىي پىسخى-
كىسى ۋە گۈزەللىك قارىشىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەكىل-
لەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرىنىڭ مەز-
مۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، مەشرەپ، بەزمە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەيلە-باراۋەت ۋە ھەر خىل ئويۇن ۋە تەنتەربىيە پائالە-
يەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ ئە-
چىدە مەشرەپ تارىخى ئەڭ ئۇزاق، مىللىيلىقى ئەڭ
كۈچلۈك، تۈرلىرى ئەڭ كۆپ، كەڭ ئاممۋىلىققا ئىگە ئۇ-
نىۋېرسال مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن
بولۇپ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىمۇ مەشرەپكە ئائىت
بايانلار خاتىرىلەنگەن.

مەشرەپنىڭ قويۇق مايىللىقا، كەڭ ئاممۋىلىققا ئىگە
بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي
پىسخىكا ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلىنىدىغان نەغمە-
ئۇسسۇللاردىن تاشقىرى تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھەر
خىل قىزىق ئويۇنلارنىڭمۇ ئوينىلىدىغانلىقى بىلەن خاراك-
تېرلىنىدۇ. مەشرەپ، بەزملەردە ئولتۇرۇشلارنىڭ تەرتىپ-
لىك، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن
تۈزۈلگەن بىر قاتار قائىدە-تۈزۈملەر ۋە تەرتىپلەر بار
بولۇپ، بۇ مەشرەپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلىششى
ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر.

بەزمە، مەشرەپلەردە كۆپىنچە ھاللاردا شەخسلەرنىڭ
كوللېكتىپقا بويسۇنۇشى، كوللېكتىپچانلىقى، كۆپ ساندىكى
كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششىنى، ئۆزئارا باراۋەر، ئادىل،
ھەققانىي بولۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. مەشرەپلەردە ئەخ-
لاقسىزلىق، ناچار قىلىق، ناچار ئىللەتلەر قاتتىق جازالىنىدۇ
ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا يارىشا ھەر خىل نومۇر،
ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ بېرىش شەرت قىلىنىدۇ. بۇ
نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر مەشرەپ ئويۇنلىرى
نوقۇل كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى ئالغان ئادەت بولماس-
تىن بەلكى يەنە كىشىلەرگە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇ-
رۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان سورۇندۇر.

ئۇيغۇر مەشرەپ ئويۇن ئادەتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى-
دىن قارىغاندا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئۆتكۈزۈلە-
دىغان مەشرەپ ئويۇنلار چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا
ئاخىرقى مەقستى، ئىپادىلەنگەن مەزمۇنى جەھەتتىن ئاسا-
سەن بىردەكلىككە، ئوخشاشلىققا ئىگە، ئۇيغۇر مەشرەپ
ئويۇنلىرى كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلغاندىن باشقا كى-
شىلەر ئارىسىدىكى ئاداۋەت، ئۆچمەنلىكنى تۈگىتىش،
دوستانىلىقنى كۈچەيتىش، ئىناق، ئۆملۈكنى تەشەببۇس
قىلىش، كىشىلەرگە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان
سورۇن ھازىرلاپ بېرىش، چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ئارى-
سىدا ئۆزئارا ھۆرمەت، ئىززەت ۋە مېھرىبانلىقنى شەكىل-
لەندۈرۈش، ئەدەپ-ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش قاتارلىق
تەرەپلەرنى ئاساس قىلىنغان ھالدا ئوينىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى ۋە ئويۇن-
لىرىنىڭ ئاخىرقى نىشانى، مەقستى جەھەتتە سوتسىيالىس-
تىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىدىيەسى بىلەن ئور-
تاقلىققا ئىگە.

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىدىيە-
سى دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋا-
لى، خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئورنى، خەلقنى باي، دۆلەتنى
قۇدرەتلىك قىلىش ئارزۇسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىر
تۈرلۈك كۆز قاراش بولۇپ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى-
غا نىسبەتەن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ۋە ئىلغارلىققا ئىگە.

ئۇيغۇر فولكلورى بولسا ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت
تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى تارىخى، مەدەنىيىتى ناھايە-
تى ئۇزاق ۋە ئەينەن ساقلانغان بۇ مىللەتنىڭ ناھايىتى
ئۇزاق جەرياندا شەكىللەنگەن ئەقىل-پاراسەتلىرىنىڭ مۇ-
جەسسىمى، ئۇيغۇر فولكلورىدا بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈنمۇ
ناھايىتى ئىلغار سانالغان ئىدىيەلەر كۆپ بولۇپ ئۇنى
ئىلمىي نۇقتىدىن يەكۈنلەپ چىقىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.
ئۇيغۇر فولكلورىدىكى ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ئىنسانىي
ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق تەرەپلەر يۇقىرىدا
مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك سوتسىيالىستىك ئىناق
جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىدىيەسى بىلەن بىردەكتۇر.


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

(1) ئابدۇرېھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى.

(2) جۇڭگو مىللەتلەر ژۇرنىلى، 2006-يىللىق 6-سان.

(3) تۇرسۇن ئايۇپ، گىلىڭ شىمىن «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى.

(4) مۇھەممەد رېھىم «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

(5) شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

(6) گىلىڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى.


(ئاپتور: قەشقەر شەھرى خاڭدى يېزا سۆگە تاغ باشلان-
غۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

# ئۇيغۇر خەلق داستانى «تاھىر- زۆھرە» بىلەن ئالتاي ئىپىك داستانلىرىدىكى «كۆزۆيكە داستانى»نىڭ سېلىشتۇرمىسى

ئىبراھىم دىلەك (تۈركىيە)



تەتقىقاتىمىزغا ئاساس قىلىنغان مەتىن تۈرك خەلقلە-
رى، ھەتتا ئۇلارغا قوشنا ياشىغان يات خەلقلەر (ئەرمەن-
لەر، ئالبانلار) ئارىسىدا داستان، خەلق ھېكايىسى ۋە
چۆچەك قاتارلىق شەكىللەردە كەڭ تارقالغان بولۇپ،
بۇنىڭ يەنە بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمايدىغان خېلى كۆپ ۋارى-
يانتلىرى بار. ئاناتولىيەدە «تاھىر مىرزا» (تاھىر بىلەن
زۆھرە)، ئۆزبېكلەر ئارىسىدا «تاھىر ۋە زۆھرا»، ئالتاي
تۈركلىرى ئارىسىدا «كوزىن ئەركەش» ۋە «كۆزۆيكە»
دېگەن ۋارىيانتلىرى، باشقۇرتلار ئارىسىدا «كۆزىيكۆر-
پەس» دېگەن نام بىلەن مەلۇم بولغان ئىككى ۋارىيانتى
بار. ئەدەبىياتتا «بالايىۋ ۋارىيانتى» دەپ ئاتالغان
مەتىن پەقەت نەسرىي شەكىلدە بولسا، «كونشاك ۋارىيان-
تى» دەپ ئاتالغىنى نەسرىي شەكىل بىلەن نەزمىي شەكىل
ئارىلاش ھالەتتىدۇر. داستاننىڭ قازاقلار ئارىسىدا «قوزى
كۆرپەش ۋە بايان سۇلۇ» دېگەن نامدا ئاتالغان ئۈچ ۋا-
رىيانتى بار. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، رادلوف تەرىپىدىن نا-
مەلۇم بىر ئاقىننىڭ؛ ئىككىنچىسى، ئاقىن شۆجەنىڭ؛ ئۈ-
چىنچىسى بولسا ئاقىن چاناقنىڭ ئاغزىدىن قەلەمگە ئېلىن-
غان مەتىنلەردۇر. داستاننىڭ قازان ۋە سىبىرىيە تاتارلىرى
ئارىسىدا «كۇزى كۆرپە» دېگەن ئىككى ۋارىيانتى بار.
بۇنىڭ بىرى، رادلوف تەرىپىدىن، يەنە بىرى بولسا ل. ۋ.
دىمترىيېۋا تەرىپىدىن توپلانغان. داستاننىڭ قىرىم- دوب-
رۇجا تاتارلىرى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئىككىدىن ۋا-
رىيانتى بار. ئۇيغۇر ۋارىيانتلىرىدىن بىرى، ئىسلام ھېلىم
بىلەن سۇلايمان سېتى ئېيتىپ بەرگەن «بوز كۆرپەش —
قارا ساچ ئايىم» ناملىق مەتىن بولۇپ، بۇ كورلا بىلەن
لوپنۇر رايونىدا تارقالغان ۋە يۇسۇپ ئىسھاق تەرىپىدىن
توپلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان. بۇنىڭ يەنە بىرى، رادلوف تە-
رىپىدىن رەتلىنىپ، «بوزى كۆرپەش» دېگەن نام بىلەن
نەشر قىلىنغان①. بۇ مەتىن كېيىن تۈركىيەدە ر. رەھمەتى
ئارات تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان. قازاق ئالىمى
ئىسھاق دۇيشەنباييېف رادلوف تەرىپىدىن توپلىنىپ نەشر
قىلىنغان ۋارىيانتنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان داستانلارنىڭ
(بولۇپمۇ قازاق داستانلىرىنىڭ) بىر ۋارىيانتى دەپ ھېساب-
لىمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ۋارىيانتنىڭ باشقىلىرى
بىلەن بولغان ئورتاقلىقى پەقەت نام جەھەتتىكى
ئوخشاشلىقتۇر②. بىزمۇ دۇيسەنباييېفنىڭ كۆز قارىشىغا
قوشۇلىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىلاۋە سۈپىتىدە نامى تىلغا ئېلىن-
غان داستاننىڭ ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ۋارىيانتىنى «بوزى
كۆرپەش» ئەمەس، بەلكى «تاھىر- زۆھرە» ناملىق
ئۇيغۇر خەلق داستانى دەپ ئويلايمىز. بۇنىڭغا يەنە
شۇنى ئىلاۋە قىلىشقا بولىدۇكى، «بوز كۆرپەش ۋە قارا
ساچ ئايىم» بىلەن «كۆزۆيكە» ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش-
لىق بولسا قەھرىماننىڭ ئۆلۈم ۋەقەلىكىدىن ئىبارەتتۇر.
«كۆزۆيكە»نىڭ باشتىكى ۋەقەلىكىمۇ ئۇيغۇر خەلق
داستانى «غېرىب- سەنەم»نىڭ باشتىكى ۋەقەلىكى بىلەن

ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com



ئوخشايدۇ. بىز تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ئەسەرلەر ئىچىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ يۇقىرىدا نامى تىلدا ئېلىنغان داستاننىڭ ۋارىيانتلىرى ئارىسىدا «تاھىر - زۆھرە»دىن سۆز ئاچماسلىقى دىققەتنى تارتىدۇ. بۇ ماقالىمىزدە بىز بىر - بىرىنىڭ ۋارىيانتى دەپ قاراۋاتقان ئالتاي داستانلىرىدىن «كۆزۈيكە» بىلەن ئۇيغۇر داستانلىرىدىن «تاھىر - زۆھرە» ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىنى (تۈزۈلۈش ۋە موتىف جەھەتتە) ئاساس قىلدۇق. مەتىننىڭ ئالتاي ۋارىيانتىدا شامانىزم، مىف ۋە ئېپىك ئامىللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا ئولتۇراق مەدەنىيەت ۋە چۆچەك موتىفلىرى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بۇ ئەھۋال بىزگە ئومۇمەن مەتىننىڭ ئۆزى تارقالغان جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا ياندىشىپ قانداق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ۋ. م. جىرمونسكىي، گ. ن. پوتانىن، ل. پ. پوتاپوف، س. س. سۇرازاكوف، ئالكىي مارغۇلان ۋە س. س كاراتاشنىڭ بىلدۈرگىنىدەك، داستان مەتىننىڭ ھەرقايسى تۈرك قابىلىلىرى ئارىسىدىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ۋارىيانتلىرىنىڭ بولۇشى داستاننىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنىڭ تۈركىي قەبىلىلەر بىر ئورۇندا ياشىغان دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە جۇغراپىيەلىك رايونلارنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، تەتقىقاتچىلار يەنە بۇ داستاننىڭ شەكىللىنىشىدە تەسىر كۆرسەتكەن باشقا بەزى داستان ۋە خەلق ھېكايىلىرىنىمۇ دىققەتنى بۇراپ، ئۇلاردىن ئوزۇق ئېلىش ئارقىلىق مۇكەممەللەشكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار داستان مەتىنى «بامسى بەيرەك»، «ئالىپ ماناش» (ئالپامىش ۋە ئۇنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرى)، «ئاشىق غېرىب»، «تاھىر بىلەن زۆھرە» (تاھىر-زۆھرە) ۋە «بوز يىگىت» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مەتىنى بىلەن ناھايىتى ئورۇنلۇق ھالدا سېلىشتۇرما قىلغان ۋە بۇلارنىڭ كۆپىنچە بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى بىلدۈرگەن③.

## بىرىنچى، تۈزۈلۈش جەھەتتىكى سېلىشتۇرما

«كۆزۈيكە داستانى»نىڭ تېكىستى نەزمىي شەكىلدە بولۇپ، 1948 مىسرادىن تەشكىل تاپقان. «تاھىر - زۆھرە داستانى» نەزمىي ۋە نەسرىي شەكىل ئارىلىشىپ كەتكەن بىر داستاندۇر. داستاننىڭ نەزمىي قىسىملىرى قەھرىمانلارنىڭ دىيالوگلىرى ۋە ئوقۇلغان بېيىتلەردىن تەشكىل تاپقان. داستاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ۋەقەلىككە باغلىق بولغان سېلىشتۇرمىنى مۇنداق شەكىلدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

### 1. قەھرىمانلارنىڭ ئائىلىلىرى

ھەر ئىككى داستاندا قەھرىمانلارنىڭ ئائىلىسى باي ۋە ھۆكۈمران سىنىپقا مەنسۇپ. قەھرىمانلار بالىسىز ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى سۈپىتىدە دۇنياغا كېلىدۇ ۋە داستاننىڭ ئاخىرىغا قەدەر يالغۇز بالا سۈپىتىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ دادىلىرى ئالتاي ۋارىيانتىدا ئىككى دوست قاغان، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا بولسا ئىككى تۇغقان قاغاندۇر. قاغانلارنىڭ ئىسىملىرى داستاندىكى رولىغا ئۇيغۇن ھالدا ئاق قائان بىلەن قاراتى قائان (ئالتاي ۋارىيانتى) ۋە ئاقخان بىلەن قاراخاندۇر (ئۇيغۇر ۋارىيانتى)④. ئىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىتلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىققا سىمۋول قىلىنغان. ھەر ئىككى داستاندا ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان دادا (ئاق قائان ـــ ئاقخان) ئىجابىي، قىز پەرزەنتلىك بولغان دادا (قاراتى قائان ـــ قاراخان) بولسا سەلبىي تىپلاردۇر. مەتىننىڭ ھەر ئىككى ۋارىيانتىدىمۇ ئاق قائان ۋە ئاقخان ئاتتىن يىقىلىپ جېنىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت زامان جەھەتتىن پەرق بار، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا ئاقخان ئۆيگە بېرىپ بالىسىنى كۆرەلمەستىن ئۆلىدۇ، ئالتاي ۋارىيانتىدا بولسا ئاق قاغان ئوغلى ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلگەن تۇغۇت تويى (ئات قويۇش مۇراسىمى ـــ ئۇ)دا ئۆلىدۇ. ئانىلار سۆز تېمىسىگە ئايلانغاندا بولسا داستاننىڭ ئالتاي ۋارىيانتىدا قەھرىماننىڭ ئانىسى (ئەركە تانا) ئوغلىنىڭ سۆيگۈنىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشنى توسۇشقا ئۇرۇنغان شەكىلدە ۋەقەلىكنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالسا، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا قەھرىماننىڭ ئانىسىدىن زادىلا سۆز ئېچىلمايدۇ، داستاننىڭ راۋاجىغا ئائىت قىسىملىرىدا ئەركەك قەھرىماننىڭ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئاقخاننىڭ تاھىرغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن قاراتى قائاننىڭ كۆزۈيكەگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوتتۇرىسىدا پەرق كۆرۈلىدۇ. قاراخان تاھىرغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئوغلىغا ئوخشاش يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. قاراتى قائان بولسا كۆزۈيكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى تۆۋەن كۆرۈپ رەت قىلىدۇ، ھەتتا قىزىنى كۆزۈيكەدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى باشقا بىر يۇرتقا

ئاپىرىۋېتىدۇ، كۆزۈيكە قاراتى قائان بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا تاھىرنىڭ قارا خانغا قارشى بۇنداق بىر زىيانلىق ھەرىكىتى كۆرۈلمەيدۇ.

**2. قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە چوڭ بولۇشى**

داستاننىڭ ھەر ئىككى ۋارىيانتىدا قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇشى ئوۋ ۋە كېيىك موتىفلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «كۆزۈيكە داستانى»دا ئاق قائان ۋە قاراتى قائان خانىشلىرىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا تۇغۇلىدىغان بالىلىرىنىڭ جىنسىنى ئىككىسى بىللە ئوۋغا چىققاندا بىر بوغاز كېيىكتىن ئۇققان بولسا، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا ئاقخان بىلەن قاراخان ئوۋغا چىققاندا خانىشلىرى ھامىلدار ئىدى، ئالتاي ۋارىيانتىدا قاغانلار ئوۋغا ئۆزى يالغۇز چىقسا، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا خانلار ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ۋەزىر-ۋۇزۇرالار بىلەن بىرلىكتە ئوۋغا چىقىدۇ، ئۇلار ئوۋ جەريانىدا ئالدىغا چىققان بوغاز كېيىكنى قىساسى خانىشقا يېتىپ قاللىمسۇن دەپ ئۆلتۈرمەيدۇ.

بالىلارنىڭ جىنسىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا خەيرلىك (ئوغۇل بالىنى) ۋە خەيرسىز (قىز بالىنى) دەپ قاراش داستاننىڭ ھەر ئىككى ۋارىيانتىدا مەۋجۇت بىر ئامىلدۇر. ئوغۇل پەرزەنتنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدىغان قاغاننىڭ ئاق قائان — ئاق خان، قىز پەرزەنتنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدىغان قاغاننىڭ قاراتى قائان — قاراخان دېيىلىشى تاسادىپىي ئەمەس. ئالتاي تۈركلىرىنىڭ خەلق ئېتىقادلىرىغا ۋە داستاندا ئۇچرايدىغان ئىپادىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلاردا ئوغۇل پەرزەنت «كەرەكتۇ بالا» (كېرەكلىك بالا)، قىز پەرزەنت بولسا «كەرەگۇ جوق بالا»، (كېرەكسىز بالا) دەپ خاراكتېرلەندۈرۈلىدۇ. مەتىننىڭ ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا بولسا قىز پەرزەنتلىك بولغانلىقىنى بىلگەن قاراخان كۆڭلىنىڭ يېرىملىقىنى «ئوغۇل كۆرسەم، مۇرادىم ھاسىل بولار ئىدى، چاپان يامغۇچ كۆرۈپتىمەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

«كۆزۈيكە داستانى»دا ئاق قائاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بىر-بىرىدىن ئايرىلغان ۋە ياشلىق چاغلىرىغا قەدەر كۆرۈشمىگەن قەھرىمانلارنىڭ قانداق چوڭ بولغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە «تاھىر-زۆھرە داستانى»دا قەھرىمانلار تۇنجى ئايرىلىشىغا قەدەر قاراخان تەرىپىدىن بىللە مەكتەپكە ئەۋەتىلىپ، تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈلىدۇ. مەتىننىڭ ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا قەھرىمانلارنىڭ بالىلىق چاغلىرى بىرلىكتە ئۆتىدۇ. قاراخان دادىسىز قالغان تاھىرنى قىزى بىلەن بىللە چوڭ قىلىپ مەكتەپكە ئەۋەتىدۇ. مەتىندىكى بۇ ۋەقەلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ۋارىيانتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى مۇھىم پەرق دىققەتنى تارتىدۇ، بۇنىڭ بىرى، قاراخاننىڭ تاھىرگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنى قىزى بىلەن چوڭ قىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئالتاي ۋارىيانتىدا باشقىچە، يەنى قاراتى قائان دادىسىز قالغان كۆزۈيكەنى ياخشى چوڭ بولمايدۇ دەپ قاراپ، قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ، پەرقنىڭ يەنە بىرى، تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ مەكتەپكە بېرىشىدۇر، بۇ ئەھۋال شۈبھىسىزكى ئولتۇراق مەدەنىيەتنىڭ مەتىنگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرىدىن بىرىدۇر، مەكتەپكە بېرىش موتىفى ئالتاي ۋارىيانتىدا يوق.

ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا تاھىر ئانچە كۆپ قەھرىمانلىق كۆرسەتمەيدۇ، ئەمما بالىلىق چاغلىرىدا قاراخاننىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تۆت تال يانى سۇندۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ۋە قاراخاننىڭ زۆھرە بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى توسۇش ئۈچۈن قوپۇرغان تېمىنى بىر پەشۋا بىلەن ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان قىسىملاردىن بىز ئۇنىڭ قانچىلىك كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ تەرىپى بىلەن داستاننىڭ ئۇيغۇر ۋارىيانتى لىرو-ئېپىك قۇرۇلمىغا ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ، ئالتاي ۋارىيانتىدا پەقەت ئېپىك خاراكتېر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. «كۆزۈيكە داستانى»دىكى ئېپىك خاراكتېر مىفىك ئامىللار بىلەن تېخىمۇ بېيىغان. ئۇنى «تاھىر-زۆھرە داستانى»دىن پەرقلىق قىلغان ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە شەكىل ۋە ھاۋا رايىنى ئۆزگەرتىش ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. مەتىندە كۆزۈيكە ۋە ئۇنىڭ ئېتى شەكىل ئۆزگەرتىدۇ. كۆزۈيكە بايانىڭ تويى بولۇۋاتقان يەرگە كىرگەندە تەلەمچى بولغان «تاس» (تاستاراقاي) قىياپىتىگە، ئېتى بولسا تېرە تاشلىغان بىر تايغا ئۆزگىرىدۇ. شەكىل ئۆزگەرتىپ سۆيگۈنىنىڭ تويىغا بېرىش موتىفى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ كەڭ تارقالغان داستان موتىفلىرىدىن بىرىدۇ. بۇ سىبىرىيە تۈركلىرىنىڭ داستانلىرىدىن بىر مۇنچىسىدا ۋە دەدە قورقۇت قەبىلىلىرىدىن بامسى بەيرەكتىمۇ كۆرۈلىدۇ. داستاننىڭ ئاخىرىدا بولسا قەھرىمان ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئېتىمۇ تۇمانغا ئۆزگىرىپ، تەبىئەتنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. كۆزۈيكە بايانىڭ تويى بولۇۋاتقاندا شىددەتلىك

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ناخشا ئېيتىپ قاراتى قائاننىڭ يۇرتىغا سوغۇق چۈشۈرىدۇ. ھاۋا رايىنى ئۆزگەرتىش ئالتاي داستانلىرىدا قەھرىمانلارنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. بەزى داستانلاردا قەھرىمانلارنىڭ قولىدا «يادا تېشى» تۇتقان ھالەتتە تۇغۇلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەمما بۇ داستاندا كۆزۈيكە ھاۋا رايىنى ناخشا ئېيتىپ ئۆزگەرتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۆزۈيكەنىڭ ئېتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بەزى ھايۋانلار بىلەن سۆزلىشىپ ئالاقە ئورنىتىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى ئۇنى تاھىردىن پەرقلىق قىلغان تەرەپلەردىن يەنە بىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، تاھىر جىسمانىي جەھەتتىن كۈچ كۆرسەتمىسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۈستۈن قەھرىمانلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار. بۇ ئەھۋالنى داستاندا ئۈچ قېتىم ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭ بىرىنچىسى، قاراخاننىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن يالرىنى سۇندۇرۇۋېتىسى؛ ئىككىنچىسى، زۆھرە بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا سوقۇلغان تامنى بىر پەشۋا بىلەن ئۆرۈۋېتىشى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇنى سۇلتان بۇۋىچە بىلەن توي قىلدۇرماقچى بولغان رۇم شاھىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈشىدۇر. تاھىر ئاشناننىڭ ئورنىغا قورالنى، ئاتلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسىنى، قوشلارنىڭ ئىچىدە شۇڭقارنى تاللاپ بۇ سىناقلاردىن ئۆتىدۇ، يەنە كۆزۈيكەنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى تاھىرغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئېپىكلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇنداق بولغاچقا ئالىملار مەتىننىڭ ئالتاي ۋارىيانتىنىڭ ئۇيغۇر ۋارىيانتىغا قارىغاندا تېخىمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. تاھىرنىڭ قەھرىمانلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كۆزۈيكەگە قارىغاندا ئاز بولۇشى بىزگە ئۇنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرىدىكى «ئالپ» تىپىدىن «ئاشىق» تىپىگە ئۆتۈش دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلغان بىر شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 3. قەھرىمانلارنىڭ نىكاھىغا سۆز بېرىش ۋە تويىنىڭ چەكلىنىشى

داستاننىڭ ھەر ئىككى ۋارىيانتىدا دادىلار باللىرىنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بېشىنى باغلاپ قويۇشنى قارار قىلىدۇ. سۆز بېرىشكەن چاغدا ئورتاق ئامىل سۈپىتىدە «باشلىق» (قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان مال ياكى پۇل — ئۇ) بېرىش موتىفى كۆرۈلمەيدۇ. ھەر ئىككى ۋارىيانتتا قەھرىمان ئۆزىنىڭ لايىقىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگىنىدەك، ئۇنىڭ دادىسى تەرىپىدىن قاچۇرۇلغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز قالىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ تويىنىڭ چەكلىنىشى «كۆزۈيكە داستانى»دا ئەر قەھرىماننىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى سەۋەبلىك قىزنىڭ دادىسى سۆزىدىن يېنىۋېلىپ، قىزنى بۇ تويدىن چەتكە ئېلىش ئۈچۈن باشقا بىر يۇرتقا ئاپىرىۋېتىش شەكلىدە يۈز بېرىدۇ. «تاھىر - زۆھرە داستانى»دا بولسا قەھرىمانلارنىڭ ئايرىلىشىغا رەقىبلەر سەۋەب بولىدۇ، ھەر ئىككى مەتىندىكى ئورتاق بولغان نۇقتا قىزنىڭ باشقا بىرسىگە ياتلىق قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىشتۇر. «كۆزۈيكە داستانى»دا باياننىڭ سانسقانباينىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىنىشى ئارزۇ قىلىنسا، «تاھىر - زۆھرە داستانى»دا قارا باتۇر قاراخاننىڭ يۇرتىنى دۈشمەندىن قوغداش ئۈچۈن زۆھرەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

### 4. ئايرىلىش

داستاننىڭ ئالتاي ۋارىيانتىدا قەھرىمانلارنىڭ ئايرىلىشى قاراخاننىڭ يۇرتىنى باشقا بىر يەرگە كۆچۈرۈشى بىلەن باشلانسا، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا قاراخاننىڭ تاھىرنى بىر ساندۇققا سېلىپ رۇم دەرياسىغا تاشلىۋېتىشى بىلەن باشلىنىدۇ، قەھرىمانلار ئايرىلىپ جۇدالىق ئىچىدە ياشىغان مەزگىلدە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى «كۆزۈيكە داستانى»دا تەپسىلىي سۆزلەنمەيدۇ، «تاھىر - زۆھرە داستانى»دا بولسا بۇ ۋەقەلىك خېلى كەڭ تەسۋىرلەنگەن. تاھىر سولانغان ساندۇق ئېقىپ توققۇز تارامغا كەلگەندە، تاھىر كارۋانلار ئارقىلىق زۆھرەگە ئۆزى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

### 5. كۆرۈشۈش

قەھرىمانلارنىڭ ئايرىلىشتىن كېيىنكى كۆرۈشۈشى داستانلاردا پەرقلىق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «كۆزۈيكە داستانى»دا ئايرىلىشتىن كېيىنكى تۇنجى كۆرۈشۈش باياننىڭ سانسقابايىنىڭ ئوغلى بىلەن تويى بولۇۋاتقان چاغدا بولغان بولسا، «تاھىر - زۆھرە داستانى»دا قەھرىمانلار بەھرام شاھىنىڭ تاھىرنى رۇم پادىشاھىنىڭ مەملىكىتىدىن قاراخاننىڭ تەڭرىقۇتتىكى يۇرتىغا ئېلىپ كېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. «كۆزۈيكە داستانى»دىكى كۆرۈشۈش ئەسلىدە بىر - بىرىنى زادى تونۇمىغان قەھرىمانلارنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى تونۇشۇشى مەنىسىدە كەلگەن بولسا، «تاھىر - زۆھرە داستانى»دىكى بۇ كۆرۈشۈشنى يېڭىدىن ۋىسال تېپىش مەنىسىدە چۈشىنىش كېرەك.

### 6. ئۆلۈم

داستاننىڭ ھەر ئىككى ۋارىيانتى تىراگېدىيەلىك نەتىجە بىلەن، يەنى قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

كۆزلۈيكە دۈشمەنلىرى ئاتقان ۋە پۇتىنىڭ ئۇشۇقىغا تەگكەن زەھەرلىك ئوقتىن يارىلىنىپ ئۆلىدۇ، تاھىر بولسا قاراخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن جاللاتلار تەرىپىدىن چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. «كۆزلۈيكە داستانى»دا بايان كۆزلۈيكەنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدا ئۈچ كۈن يىغلىغاندىن كېيىن پىچىقىنى كۆكسىگە سانجىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، «تاھىر-زۆھرە داستانى»دا بولسا زۆھرە تاھىر ئۆلۈپ 40 كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىغا كېلىپ بېيىت ئوقۇيدۇ. بېيىت تۈگىشى بىلەن تەڭلا تاھىرنىڭ قەبرىسى يېرىلىدۇ، زۆھرە قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ جان بېرىدۇ. «تاھىر-زۆھرە داستانى»نى «كۆزلۈيكە داستانى»دىن پەرقلىق قىلغىنى قارا باتۇرنىڭمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدۇر. رەقىبىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى «كۆزلۈيكە داستانى»دا كۆرۈلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ۋارىيانتىنىڭ ئاخىرىدىكى «دەرۋىش ھەققىدە ھېكايە» ۋەقەلىكىمۇ ئالتاي ۋارىيانتىدا مەۋجۇت ئەمەس.

## ئىككىنچى، موتىفلار جەھەتتىكى سېلىشتۇرما

### 1. ئوۋ موتىفى

كۆزلۈيكە ۋە تاھىر-زۆھرە داستانلىرىدا ئورتاق بىر موتىف سۈپىتىدە كۆرۈلگەن ئوۋ تۈرك داستانلىرىدا ئۆزىنىڭ كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇچرايدۇ. بۇ داستانلاردا ئوۋ كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلىكتە كىرىزىس دەۋرلىرىگە ئوخشاش، يەنە كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار يۈز بەرگەن دەۋرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوۋغا چىقىشتىن بۇرۇن تازىلىق قىلىش، ئايال بىلەن بىللە بولۇشتىن ساقلىنىش، ئوۋ سايمانلىرىغا ئايال كىشى ياكى بالىلارنىڭ قولى تېگىپ كەتسە ئۇنى ئېرىغداش قاتارلىقلار ئوۋدىن بۇرۇنقى، ئوۋ جەريانىدىكى ۋە ئوۋدىن كېيىنكى ئىشلارغا دائىر ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ئېتىقاد ۋە ھەرىكەتلەر سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ⑤. تارىختا تۈركىي قوۋملارنىڭ ئوۋ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچ ۋە ھەرىكەتلىرى ئۇنى ئادەتتە بىر خىل ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن دادىلارنىڭ بالىلىق بولغانلىقىدىن شىكاردا خەۋەر تېپىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس. «تاھىر-زۆھرە داستانى»دا ئوۋ موتىفى رۇم شاھىنىڭ تاھىرنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن شىكار ئۇيۇشتۇرغان ۋاقتىدا يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل ئېچىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇچرايدۇ.

### 2. بالىسىزلىق موتىفى

تۈرك داستانلىرىدا قەھرىمان تىپىنىڭ قېلىپلاشقان ئالاھىدىلىكلىرى بار. داستاننىڭ قەھرىمانلىرى تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىنسانلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقى تەكىتلىنىشكە باشلايدۇ. دۇنياغا كېلىش، ئومۇمەن پەۋقۇلئاددە شارائىتلاردا يۈز بېرىدۇ. ئەنئەنىۋى بولغان بۇ خىل تەكىتلەشنىڭ 1-باسقۇچىنى «بالىسىزلىق» موتىفى تەشكىل قىلىدۇ⑥. بۇ موتىف بىز تەتقىقاتىمىزغا ئاساس قىلغان داستانلارنىڭمۇ ئەڭ مۇھىم موتىفلىرىدىن بىرىدۇر. بىر مۇنچە تۈرك داستانلىرىدىكىگە ئوخشاش، كۆزلۈيكە ۋە تاھىر-زۆھرە داستانلىرىدىمۇ ئەر-خوتۇن ياشانغان ۋاقىتلىرىغا قەدەر بالىلىق بولالمايدۇ. بۇ ئەھۋال «ھەمرا ۋە ھۆرلىقا»، «غېرىب-سەنەم» ناملىق ئۇيغۇر داستانلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ھەتتا «غېرىب-سەنەم»دە «تاھىر-زۆھرە داستانى»دىكىگە ئوخشاش قەھرىمانلار پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوۋدا بوغاز كېيىكنى قويۇۋېتىشى نەتىجىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ.

### 3. ئات قويۇش

يۇقىرىدا 1-مەزمۇننىڭ 2-تېمىسىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بالىلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ قويۇلۇشى مەتنلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا «ئات تويى» ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، بالىلارغا ئىسمىنى قاراخان قويىدۇ. ئالتاي ۋارىيانتلىرىدا بالىلارنىڭ ئىسمىنى تۇغۇت تويىغا قاتناشقان خەلق ئىچىدىكى ياشانغان ئەر-ئاياللار قويىدۇ، بالىلارغا ئىسمىنىڭ ياشانغان ئەر-ئاياللار تەرىپىدىن قويۇلۇشى ۋە ئات تويى ئۆتكۈزۈلۈشى قەدىمكى تۈرك كۈلتۈرى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىزگە «دەدە قورقۇت داستانى»نى ئەسلىتىدۇ.

### 4. ئەھدىلەشمەك

ئەھدىلەشمەك تۈرك داستان ۋە ھېكايە ئەنئەنىلىرى ئىچىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان بىر موتىف. مەتننىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا قاغانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنامە يازما شەكىلدە، ئالتاي ۋارىيانتىدا بولسا ئاغزاكى شەكىلدە تۈزۈلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاشۇ مەتن شەكىللەنگەن ئولتۇراق شەھەر مەدەنىيىتى (ئۇيغۇر) بىلەن ئوۋچى-كۆچمەنلەر جەمئىيىتى (ئالتاي) ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يىگىتلەرنىڭ (تاھىر ياكى كۆزلۈيكە) لايىقى ياكى قوشۇلچىقىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرگەن كىشىلەر ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا تاھىر زۆھرەنىڭ قوشۇلچىقى ئىكەنلىكىنى بىر مومايدىن، ئالتاي ۋارىيانتىدا بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆزۈيكە بايانىنىڭ قوشۇلچىقى ئىكەنلىكىنى قۇرداش باللارنىڭ بىر-بىرسىدىن ئۇقىدۇ، خەۋەرچى شەخسلەرنىڭ داستان ۋارىيانتلىرىدا بىر-بىرىگە زىت دەرىجىدە پەرقلىنىشى دىققەتنى تارتىدۇ. يەنى خەۋەرچى قېرى (ئۇيغۇر)-بالا (ئالتاي)، ئايال (ئۇيغۇر) — ئوغۇل (ئالتاي) شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «تاھىر-زۆھرە داستانى»دا خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان موماي تىپى ھەر خىل يامانلىقنىڭ ئىجراچىسى ياكى خەۋەرچىسى سۈپىتىدە دەسلەپكى جادۇگەر تىپىنىڭ ئۆرنىكى ھېسابلىنىدۇ.

### 5. قەبرە موتىفى

بارلىق مىللەتلەردە قەبرىلەر ۋە قەبرە تاشلىرى ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆتمۈشتىن كەلگۈسىگە قالدۇرغان ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ⑦. بۇ ئەھۋال خەلق ئەدەبىياتى تېكىستلىرى ئىچىدىمۇ پات-پات ئۇچرايدۇ. داستاننىڭ ئالتاي ۋارىيانتىدا قەھرىمانلارنىڭ قەبرىلىرى دۈشمەنلەرنىڭ بارلىق توسقۇنلۇقىغا ۋە ئايرىم قەبرە قاتۇرۇش ئىستەكلىرىگە قارىماي، يانمۇيان تۇرغان ئىككى ئېگىز قىياغا ئۆزگىرىدۇ. ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا بولسا قەھرىمانلار ئوخشاش بىر قەبرىگە كۆمۈلگەن بولسىمۇ، قاراخاننىڭ ئۈستىكى بويىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا دەپنە قىلىنغان رەقىب قارا باتۇرنىڭ جەسىتى ئازغان (يانتاق)غا ئۆزگىرىپ، بىر جۈپ قىزىلگۈلگە ئايلانغان ئاشىق-مەشۇقلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. «كۆزۈيكە داستانى»دا قەھرىمانلارنىڭ قەبرىسىنىڭ ئىككى قىياغا ئايلانغانلىقى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرسەتسە، «تاھىر-زۆھرە داستانى»دا بولسا قەھرىمانلارنىڭ بىر قەبرىدە بىر جۈپ قىزىلگۈلگە ئايلانغانلىقى، رەقىبنىڭ بىر تۈپ ئازغانغا ئايلىنىپ ئارىغا كىرگەنلىكى ۋە دەرۋىشنىڭ ھەر كۈنى بۇ ئازغاننى كەسلەپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئۈنۈپ چىقىپ چىرماشقىلى تۇرغان ئىككى تال قىزىلگۈل غۇنچىسىنى ئايرىۋەتكەنلىكى دىققەتنى تارتىدۇ.

### 6. رەقىب

سۆيگۈ — مۇھەببەت تېمىسى ھېكايە قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ئىچىدە مۇھىم ۋە سەلبىي ئوبرازلاردىن بىرى رەقىبتۇر. تەتقىقاتىمىزغا ئاساس قىلىنغان مەتىنلەرنىڭ ئالتاي ۋارىيانتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەقەلىكتە ئوتتۇرىغا چىققان رەقىب سانىسقانبايىنىڭ ئوغلىدۇر. داستاندا ئۇنىڭ ئىسمىدىن سۆز ئېچىلمىغىنىدەك، ۋەقەلىك ئىچىدىمۇ ئۇ يوق. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەقەلەرنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغىنى دەل دادىسىدۇر. ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا بولسا رەقىب قارا باتۇردۇر. ئۇنىڭ ئىسمىدىكى خەيرسىزلىك ۋەقەلەردىكى ھەرىكەت ۋە پوزىتسىيەلەردىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئالتاي ۋارىيانتىغا قارىغاندا، ئۇ مەتىندە ئاكتىۋال بىر شەكىلدە ئورۇن ئالغان، شۇنى قوشۇمچە قىلىمىزكى، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا تاھىرغا ئاشىق بولغان سۇلتان بۇۋىچەمۇ رەقىب سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەتىندە ئۇ قارا باتۇرغا قارىغاندا، ئىجابىي شەكىلدە تەسۋىرلەنگەن. «كۆزۈيكە داستانى»دا ئەر قەھرىمان رەقىب تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسە، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا قەھرىمان قاراخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

### 7. ساندۇق

داستاننىڭ ھەر ئىككى ۋارىيانتىدا قەھرىمانلارنىڭ قول ئىلكىدىكى نەرسىلەر كۆپ ئەمەس. سېلىشتۇرما قىلىدىغان بولساق، ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا نامى تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ سانى ئالتاي ۋارىيانتىغا قارىغاندا خېلى كۆپ. بۇلار ئارىسىدا مىلتىق، يا، چۇلۋۇر، كەمەند، ئوشۇق، ساقا قاتارلىقلار «تاھىر-زۆھرە داستانى»دا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەردۇر. داستاننىڭ ئالتاي ۋارىيانتىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەر شۇلاردىن ئىبارەت: ئات باغلايدىغان، تۇۋرۇك، ئورۇندۇق، كۆرتە (سۇدان)، ئوشۇق، توقۇم، چۇلۋۇر، قامچا، ئوق، تۇلۇم، پىچاق، ساندۇق قاتارلىقلار. ھەر ئىككى مەتىندىكى ئورتاق نەرسىلەر بولسا چۇلۋۇر، ئوشۇق ۋە ساندۇقتىن ئىبارەت. قاراخان تاھىرنى بىر ساندۇققا سولاپ دەرياغا تاشلايدۇ، بايان بولسا تويى بولغاندا كۆزۈيكەنىڭ ھاۋارايىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى سەۋەبىدىن سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، مەتىنلەردە ساندۇق قەھرىمانلارنى قوغدىغان، ھايات قېلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ. ساندۇق بىلەن سۇغا تاشلاش موتىفى ناھايىتى قەدىمكى بىر موتىفتۇر. ھەزرىتى مۇسانىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسسە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى مەتىن ھېسابلىنىدۇ، بۇ موتىف ئۇنىڭدىن كېيىن بىر مۇنچە چۆچەك ۋە ھېكايىدىمۇ قوللىنىلغان⑧.

### 8. ئوشۇق ئويۇنى

مەلۇم بولغىنىدەك، ئوشۇق ئويۇنى بارلىق تۈرك قەبىلىلىرىدە كۆرۈلگەن بىر ئويۇن. ھەر ئىككى داستاننىڭ مەتنىدە ئوشۇق ئويۇنى قەھرىمانلارنىڭ بالىلىق ۋە يىگىتلىك چاغلىرىدا ئوينىغان بىر ئويۇنى سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ. كۆزۈيكە باشقا بالىلار بىلەن ئوشۇق ئويۇنى ئويناپ ئۇلارنى يېڭىۋالغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇتتۇرۇپ قويغىنى چىدىمىغان بىر بالا ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن: «باياننى خوتۇنلۇققا ئالالماي كۈچۈڭ بىزگە يەتتىمۇ» دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆزۈيكە باشتىن ئۆتكۈزگەن تىراگېدىيەمۇ باشلىنىدۇ. تاھىر بولسا يۇرتىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوشۇق ئويناقچى بولغاندا، قاراخان ئۇنىڭغا كۈمۈش ئوشۇق ۋە ئالتۇن ساقا ياسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن مەتىننىڭ ئالتاي ۋارىيانتىنىڭ ئەكسىچە بۇ يەردىكى ئويۇن موتىفىنىڭ ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىدا تەسىرى كۆرۈلمەيدۇ. داستاننىڭ ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا قاراخاننىڭ تاھىرغا كۈمۈش ئوشۇق بىلەن بىرلىكتە ئالتۇن ساقا ياسىتىپ بەرگەنلىكى دىققەتنى تارتىدۇ. چۈنكى ساقا ئوشۇققا سېلىشتۇرغاندا يەرلىك كۇلتۇرنىڭ ئويۇن ماددىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، قاراخاننىڭ بۇ ئويۇنچۇقلارنى ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسىتىپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېتىبارلىق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قاراخاننىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسىدىن بىز ئەسلىدە ئۇنىڭ ياخشى كىشىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، لېكىن تاھىرغا رەقىب بولغان قارا باتۇر تەرىپىدىن يامانلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

### 9. ھايۋانلار

ھەر ئىككى داستانغا ئورتاق بولغان ھايۋان كېيىكتۇر. مەتىننىڭ ئالتاي ۋارىيانتىدا خانىشلارنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنىڭ خەۋەرچىسى بولغان كېيىك قاغانلار بىلەن سۆزلىشىدۇ، ھەتتا تۇغۇلىدىغان بالىلارنىڭ جىنسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال داستاندا ئىككى قاغاننىڭ ئاغزىدىن «ئالتايدىن ئانى كۆسپۈكتۈپ — ئايتقانى چىن بولگۇژىن» (ئالتاينىڭ ھايۋىنى كېلەچەكتىن خەۋەر بەرسە، دېگىنى ئەينەن بولىدۇ...) دېگەن شەكىلدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا كېيىكلەرنىڭ سۆزلەشكەنلىكى، ھەتتا ئالتاي ۋارىيانتىدىكىگە ئوخشاش كېلەچەكتىن خەۋەر بەرگەنلىكى كۆرۈلمەيدۇ. شامانىست ئالتاي تۈركلىرىنىڭ ئېتىقادىدا كېيىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شامانلار داپ ياسىغاندا كېيىكنىڭ تېرە ۋە ئۇستىخانلىرىدىن كۆپ پايدىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىسمى يىلنىڭ 9-ئېيىغا نام قىلىپ قويۇلغان كېيىك ھەققىدىكى ئېتىقادلاردا كېيىك مۆرىسە ھاۋا گۈلدۈرلىمەيدۇ، چۈنكى كۆك ئاسمان ئاۋازىنى كېيىككە بەرگەن دەپ قارىلىدۇ⑨. تۈرك خەلق ئەدەبىياتىدا قەھرىمانلارنىڭ كېيىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى قويۇق ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە نامايان قىلغان ئەسەر شۈبھىسىزكى «ئەرجىسلى ئەمراھ بىلەن سەلۋىخان ھېكايىسى»دۇر. بۇ ھېكايىدە ئەرجىسلى ئەمراھ ئۆزىگە ئۇچرىغان كېيىك ئوۋلىغۇچى كىشىنى سازىنى چېلىپ تۇرۇپ قارغىغاندا، ئوۋچىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، قوللىرى مۈرىسىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ. كۆزۈيكە ۋە تاھىر-زۆھرە داستانلىرىدا كېيىكتىن باشقا ھايۋانلار ئىچىدە ھەر ئىككى داستانغا ئورتاق بولغىنى ئاتتۇر. كۆزۈيكەنىڭ ئېتى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇغۇلغان. ئېتى ئۇنىڭغا ئىككىسىنىڭ تەڭ تۇغۇلغانلىقىنى، كىندىكىنىڭ تەڭ كېسىلگەنلىكىنى، كېچىسى ئۇنىڭ قويۇندىشى، كۈندۈزى بولسا ئادىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. كۆزۈيكە ئۆلگەندە ئۇمۇ باشقا بىر قەھرىماننىڭ ئېتىغا ئايلىنىش ئۈچۈن تۇمانغا ئۆزگىرىپ، تەبىئەتنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. باشقا داستانلاردىكىگە ئوخشاش، «كۆزۈيكە داستانى»دىمۇ ئات قەھرىمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى يارىدەمچىسىگە ئايلىنىدۇ ۋە پات-پات ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ نەسىھەت قىلىدۇ، ئات قەھرىماننىڭ دوستى ۋە ئەقىلدارىدۇر، «تاھىر-زۆھرە داستانى»دا بولسا ئات قەھرىمانلارنىڭ ئېسىللىقىنى سىناشنىڭ بەلگىسى (قورال ۋە شۇڭقار بىلەن بىللە) سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ.

«كۆزۈيكە داستانى»دا كېيىك ۋە ئاتتىن باشقا، قۇزغۇن، قاغا، تۇرنا، غاز ۋە سېغىزخانمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ قۇشلار ئىچىدە قۇزغۇن بىلەن قاغا قەھرىمانلارغا قارىتا پايدىسىز بىر ھەرىكەت قىلسا، سېغىزخان، تۇرنا ۋە غاز ئۇنىڭغا يارىدەمچى بولىدۇ. سېغىزخان بىر تەرەپتىن كۆزۈيكە بىلەن بايان ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ساقلاشقا ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ۋىسالىغا يېتىشىگە شارائىت ھازىرلاشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزۈيكەنىڭ جان ئالىدىغان يارىسىنى باياندىن ئالغان دورىسى بىلەن داۋالاپ ياخشىلاشقا ۋە ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. «كۆزۈيكە داستا-
نى»دىكى قاناتلىق خەۋەرچى بولغان سېغىزخاننىڭ رولىنى
«تاھىر-زۆھرە داستانى»دا شاھ بەھرام مەلۇم نىسبەتتە
ئۈستىگە ئالغان. سېغىزخان ئالتاي داستانلىرىدا ئىسمى
ئۇچرايدىغان قۇشلارنىڭ بىرى. ئۇ كۆپىنچە قۇزغۇن
بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئېپىك ئەسەرلەردە قەھرى-
مان قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلگەندە (تاغ، چۆل،
ئوت، دېڭىز)، يول تېپىش ئۈچۈن سېغىزخانى ئەۋەتىدۇ.
«كۆزۈيكە»دىكىگە ئوخشاش، يەنە بىر ئالتاي داستانى
بولغان «ئۆلۈشتۆي داستانى»دىمۇ سېغىزخان مەكتۇپ
يەتكۈزىدىغان خەۋەرچى بىر قۇش سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ.
«سېغىزخان» ناملىق بىر چۆچەكتە دېيىلىشچە، سېغىزخان
قۇشلارنىڭ قاغانى ھېسابلانغان توز تەرىپىدىن خانىشلىققا
تاللىنىپتۇ، لېكىن بەزىدە خەۋەرلەندۈرمەيلا ئۆيدىن ئايرى-
لىپ تاپ يېيىشكە كېتىپ قالىدىكەن، سېغىزخاننىڭ بۇ ئەھ-
ۋالىنى كۆرگەن توز بۇ يامان ئادىتى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن
ئايرىلىپتۇ. سېغىزخاننىڭ بىر نەرسە يەۋاتقاندا داۋاملىق
ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن
كېلىپ چىققانىكەن.

«كۆزۈيكە داستانى»دىكىگە ئوخشاش، قاغا ئالتاي
تۈرك مىفلىرىدە زىيانلىق رول ئوينىغان قۇشلاردىن بىرى-
دۇر. ئىسمى ئومۇمەن قۇزغۇن بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلى-
نىدۇ. ئالتاي يارالمىش مىفلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ بىرىدە
دېيىلىشچە، ئۈچقۇربۇستان ئىنسانغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا
قىلىش ئۈچۈن مۇقەددەس سۇنى ئېلىپ كېلىشكە قاغىنى
ئەۋەتىپتۇ. قاغا تۇمشۇقىدا سۇ ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا،
ئەرلىك بىر تاپقا ئۆزگىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. قاغا
ئاچ كۆزلۈكىدىن تاپنى يېمەكچى بوپتۇ ۋە ئاغزىدىكى
سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ. قاغا تۆكۈۋەتكەن سۇلار ئارچا ۋە قا-
رىغاي دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. شۇڭا بۇ دە-
رەخلەر ھەر ۋاقىت يېشىل تۇرىدىكەن⑩ قاغىغا ئوخشاش
قۇزغۇنمۇ ھەم ئالتاي تۈرك مىفلىرىدە ھەم «كۆزۈيكە
داستانى»دا زىيانلىق قۇشلاردىن بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇر-
غا چىقىدۇ. ئالتاي تۈرك مىفلىرىدە ئەرلىكنىڭ يەر ئاستى-
دىكى يۇرتىنى كۆزىتىپ قوغدايدىغان قۇشلار قۇزغۇندۇر.
قۇزغۇنلار ئىككى بولۇپ، ئۇلار ئەرلىككە ئۇلاشماقچى
بولغانلارنىڭ كۆزىنى چوقۇلاپ، ھېچقانداق بىر تىرىك كى-
شىنى يەر ئاستىغا چۈشۈرمەسلىككە تىرىشىدۇ. «تاھىر-
زۆھرە داستانى»دىمۇ تۇنجى قېتىمقى ئايرىلىش ۋەقەلىكى-
دە قاغا بىلەن قۇزغۇننىڭ ئىسمى «كۆزۈيكە داستانى»
دىكىگە ئوخشاش بىرلىكتە ئۇچرايدۇ. كېسەلگە مۇپتىلا
بولغان تاھىر ئىگە-چاقىسىزلىقتىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ،
«زۆھرە ئاغرىسا ئاتا-ئانىسى باقار، مەن ئاغرىسام كىم
باقار؟ ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى قاغا-قۇزغۇنلار يەپ كېتەر»
دەپ ھەسرەت چېكىدۇ.

«كۆزۈيكە داستانى»دا پايدىلىق رول ئوينىغان
قۇشلاردىن بىرى بولغان تۇرنا ئالتاي تۈرك مىفلىرىدىمۇ
ئەينى خۇسۇسىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تۇرنىنىڭ
ئىنسانلارغا كۆك يۈزىدىن ئوت تەلەپ قىلغانلىقى سۆزلىنى-
دۇ. تۇرنىغا ئوخشاش غازمۇ داستانلاردا قەھرىمانلارغا
ياردەم قىلغان قۇشلاردىن بىرى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ.
تۈرك مىفلىك سىستېمىسىدا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك
خەلق ئېتىقادلىرى ۋە ئەدەبىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان
تۇرنىنىڭ بۇ فۇنكسىيەلىرى ئاناتولىيە رايونىدا ھېلىمۇ دا-
ۋاملاشتۇرۇلماقتا. ئالەۋى — بەكتاشى ئەنئەنىسىدە تۇرنى-
نىڭ ئاۋازى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئاۋازىدىن پەيدا بولغان
دېگەن ئېتىقاد بار. «كۆرئوغلى داستانى»نىڭ بەزى رىۋا-
يەتلىرىدە تۇرنا بەزىدە خەۋەرچى، بەزىدە سەپەرنىڭ سە-
ۋەبچىسى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. «ياربدار مەھمۇد» قاتار-
لىق بەزى خەلق ھېكايىلىرىدە قەھرىمان يىراقتىكى سۆيى-
گۈنىگە تۇرنا ئارقىلىق خەۋەر يوللايدۇ ياكى «ئەرجىسلى
ئەمراھ»نىڭ مىسالىدا كۆرۈلگەنگە ئوخشاش، قەھرىمان
مۇساپىرچىلىقتا يۈرگەن كۈنلەردە ھاۋادىكى يالغۇز تۇرنىغا
دەردىنى تۆكۈشتىنمۇ يىراق تۇرمايدۇ⑪. ئالتاي مىفلىرى-
دە ۋە فولكلورىدا غاز مۇھىم بىر ئورۇن تۇتىدۇ، يارال-
مىش مىفلىرىدە كۆكتە ئۇچقان ئۈچقۇربۇستان ۋە ئەرلىك
ئىككى غازغا ئوخشىتىلىدۇ، قاملارنىڭ مۇراسىملاردا
غازنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، غازغا سىمۋول قىلىنغان بىر
كالتەكنىڭ ياكى ئىچى ئوت-چۆپ بىلەن لىق توشقۇزۇ-
لۇپ، ئۈستى رەخت بىلەن چېگىلگەن بىر نەرسىنىڭ ئۈس-
تىگە چىقىپ غازدەك قانات قېقىپ كۆككە چىققانلىقى
سۆزلىنىدۇ⑫.

## خۇلاسە

داستاننىڭ ھەر ئىككى ۋارىيانتى تۈزۈلۈش ۋە
موتىف جەھەتتە تۈرك داستان ئەنئەنىسىنىڭ ئورتاق ئامى-
لىرىغا ئىگە. ئۇيغۇر ۋارىيانتىغا نىسبەتەن «قەدىمي

داستان» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى ئىپادە قىلغان ئالتاي ۋارىيانتى ئېپىك ۋە مىفىك خۇسۇسىيەتلەر جەھەتتىن تېخىمۇ مول مىفولوگىيەلىك ئامىللارغا پۈركەنگەندى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە قەھرىمانىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئېتىنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشى، قەھرىمانلارنىڭ ھايۋانلار بىلەن سۆزلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھاۋا رايىنى ئۆزگەرتىشى ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغان نۇقتىلاردۇر. بۇنىڭغا مۇقابىل ھالدا ئۇيغۇر ۋارىيانتى ئولتۇراق كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئامىللىرىغا ئىگە ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەھرىمانلارنىڭ مەكتەپتە تەلىم-تەربىيە كۆرۈشى بىلەن بىرلىكتە شەھەر ھاياتىغا ئائىت ئامىللار مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا داستانىنىڭ «تاھىر-زۆھرە»دىن باشقا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن «بوز كۆرپەش ـــ قارا ساچ ئايىم» ۋە «غېرىب-سەنەم» داستانلىرى بىلەن (ئالدىنقىسىنىڭ باش قىسمىدا، كېيىنكىسىنىڭ ئاخىرقى ۋەقەلىكىدە) ئوخشاشلىقى بار. لېكىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە «كۆزۈيكە داستانى»نىڭ ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ۋارىيانتىنىڭ «تاھىر-زۆھرە داستانى» ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى.

نەتىجە سۈپىتىدە شۇنى بىلدۈرۈش كېرەككى، ئالەمشۇمۇل ۋە كلاسسىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش جەھەتتە تەسىرى كۈچلۈك بولغان تۈرك خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇ مۇھىم مەتىنى زامانىۋىلىشىش بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى خەلق ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ، تىياتىر، سىنارىيە ۋە شېئىر قاتارلىق سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ كۆچكەن. سەھنە ئەسىرى سۈپىتىدە گۈللۈ ئاگوپ تىياتىرىدا 1869-، 1871-، 1874- ۋە 1879-يىللاردا، باشقا تىياتىر سەھنىلىرىدە 1887-، 1888-، 1896-ۋە 1897-يىللاردا تاماشىبىنلارغا سۇنۇلغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىمۇ ئوپېرا ۋە مۇزىكىلىق تىياتىر قىلىپ سەھنىلەشتۈرۈلگەن. داستانىنىڭ مەتىنى تۈركىيەدە تۇنجى قېتىم 1952-يىلى ئۆمەر لۇتفى ئاكادىنىڭ، 2-قېتىم 1972-يىلى ئاتىف كاپتاننىڭ رېژىسسورلۇقىدا ئىككى قېتىم كىنو فىلىمى قىلىپ ئىشلەنگەن. ئالدىنقىسىنىڭ باش ئويۇنچىلىرى سەزەر سەزىن، كەنان ئارتىن، كېيىنكىسىنىڭ باش ئويۇنچىلىرى بولسا يىلدىراي چىنار ۋە فاتما بەلگىن ئىدى. ماقالەمنى تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان نازىم ھىكمەتنىڭ «تاھىر بىلەن زۆھرە» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىنغان بىر كۇپلېت بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن:

تاھىر بولۇشمۇ ئەيىب ئەمەس، زۆھرە بولۇشمۇ ھەم
ھەتتا سەۋدالىق تۈپەيلى ئۆلۈشمۇ ئەيىب ئەمەس،
پۈتۈن ئىشلار تاھىر بىلەن زۆھرە بولۇشتا.
يەنى يۈرەكتە.

ئىزاھلار:

① تۈركىيەدە تاھىر بىلەن زۆھرە ھېكايىسىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان پروفېسسور، دوكتور فىكرەت تۈركمەن «تاھىر بىلەن زۆھرە» (تەتقىقات ـــ مەتىن) دېگەن ئەسىرىدە مەتىنىنىڭ 24 ۋارىيانتىنى تەتقىق قىلغان، ئەنقەرە، 1998-يىلى نەشرى.

② مەھمەت ئاچا: «قوزى كۆرپەش ۋە بايان سۇلۇ داستانى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، كونيا، 1998-يىلى نەشرى، 123-بەت.

③ مەھمەت ئاچا، يۇقىرىقى ئەسەر، 333-بەت.

④ سېلىشتۇرما قىلىشقا ئاساس قىلىنغان مەتىنلەر ئۈچۈن شۇ ئەسەرلەرگە قاراڭ: ئىبراھىم دىلەك: «ئالتاي داستانلىرى» ( I )، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2002-يىلى نەشرى، ئا. ئىنايەتئوغلۇ: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» ( I )، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2004-يىلى نەشرى.

⑤ كارېن ئارمستروڭ: «مىفلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (دىلەك شەندىل تەرجىمىسى)، ئىستانبۇل، 2005-يىلى نەشرى، 25-بەت.

⑥ ناجىيە يىلدىز: «تۈرك داستانلىرىدا بالىسىزلىق»، «مىللىي فولكلور» ژۇرنىلى، ئەنقەرە، 2009-يىلى، 82-سان، 76-بەت.

⑦ ھاسان باھار: «ياۋرو-ئاسىيادا ئۆلۈم ۋە تۈركلەردە قەبرە كۇلتۇرى»، «پروفېسسور نەجات گۆگۈنچ ئارمىغانى»، ئىستانبۇل، 2010-يىلى نەشرى، 267-بەت.

⑧ فىكرەت تۈركمەن: «تاھىر بىلەن زۆھرە»، ئەنقەرە، 1998-يىلى نەشرى، 184-بەت.

⑨ ئىبراھىم دىلەك: «رەسىملىك مىتولوژى سۆزلۈكى» (ئالتاي-ياقۇت)، ئەسكىشەھەر، 2014-يىلى، 159-بەت.

⑩ ئىبراھىم دىلەك: «رەسىملىك مىتولوژى سۆزلۈكى» (ئالتاي-ياقۇت)، 100-بەت.

⑪ ئالى دۇيماز: «كېرەم بىلەن ئاسلى ھېكايىسى ھەققىدە بىر سېلىشتۇرما تەتقىقات»، ئەنقەرە، 2001-يىلى نەشرى، 156-بەت.

⑫ ئىبراھىم دىلەك: «رەسىملىك مىتولوژى سۆزلۈكى (ئالتاي-ياقۇت)، 100-بەت.

(ئاپتور: تۈركىيە گازى ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# كۇچا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر سەنئىتى ــ كىگىزچىلىك

قۇربان كىبىر

چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ئۆي بىساتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قامداشتا زۆرۈر بولغان خام ئەشيا مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ ئەقەللىيسى تۇرالغۇ، چېدىر-بارگاھلارمۇ كىگىز ۋە ئارغامچا قاتارلىق نەرسىلەر ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كۇچا ناھىيەسىمۇ بۇرۇندىن تارتىپلا چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، دىيارىمىزدىن بۇ خىل ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەدەنىيەت تېپىلمىلىرى ئارقا-ئارقىدىن بايقىلىشقا باشلىدى. كىگىزچىلىك بىر خىل ئۇزاق تارىختا، ناھايىتى قەدىمىيلىككە ئىگە قول ھۈنەر تۈرى بولۇپ، ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان كىروران قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن يۇڭ پالاس، كىگىز قالپاق تېپىلغان. 2007-يىلى ناھىيەمىزنىڭ شىمالىي تاغ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جىلغىدىن تاشلارغا چېكىلگەن تەسۋىرىي سۈرەت بايقالدى. ناھىيەمىزنىڭ مازاپىتان، ئاقشەھەر قاتارلىق جايلىرىدىن كەشتىلەنگەن كىگىز بايقالدى. بۇلار ھازىر كۇسەن مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلاردىن شۇ دەۋرلەردىكى كىگىزچىلىك ئىشلىرىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، كىگىزنىڭ يەنە ئۆي بىساتى بولۇپلا قالماي، كىيىم-كېچەك تىكىشتىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردىمۇ كۇسەننىڭ چارۋىچىلىقىغا ئائىت يازما مەنبەلەر ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. 1950-يىل دۆلىتىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبىڭ «قارا دۆڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى»نى تەكشۈرگەندە قوي، تۆگە، ئات، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئىنتايىن كۆپ ئۇچراتقانلىقىنى خاتىرىلىگەن. ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر مىمارچىلىقىدا مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاساسىي بەلگىلەرنىڭ بىرى بولغان چېدىر قۇببە شەكىللىرى ئەنە شۇ چېدىر ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلىدىن ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە كىگىزچىلىك تېخنىكىسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مەھسۇلات تۈرلىرى

تېخمۇ كۆپەيگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە كىگىز، قايرىلما كىگىز، يامغۇرلۇق كىگىز پايپاق قاتارلىق سۆزلەر ياكى مىساللار بېرىلگەن. تېخمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى 1 - توم 415 - بەتتە «ئۇ كىگىز رەڭگىنى قاپلان رەڭگىگە كىرگۈزدى، يەنى كىگىزگە ئالىچىپار گۈل باستى» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلار ئەينى دەۋردە ئويما تامغا باسما بوياقچىلىق تېخنىكىسى ئارقىلىق، باسما گۈللۈك كىگىز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇكەممەل دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى يارقىن نامايەندە كىگىزچىلىك تېخنىكىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھۈنەر - سەنئەت، تېخنىكا، تۇرمۇش، ئولتۇراقلىشىش، ئۆي بېزەش، ئېستېتىكا قارىشى، رەڭ قارىشى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم تارىخىي مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز چارۋا ماللارنىڭ يەر ئاغدۇرۇش، زىرائەت تېرىش، خامان ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئېنېرگىيە كۈچىدىن پايدىلانغان بولسا، يەنە ئۇلارنىڭ تېزەك- سۈيدۈكلىرىدىن دېھقانچىلىق ئوغۇتى سۈپىتىدە پايدىلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە چارۋا مال مەھسۇلاتلىرىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىپ، گۆشلىرىدىن كاۋاپ ۋە ھەر خىل تاماقلارنى، سۈت- قېتىقلىرىدىن سېرىق ياغ، قۇرۇت، سۈت چاي، سوغۇق ئىچىملىك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ئىستېمال قىلغان. يۇڭ- چۇپۇرلىرىدىن گىلەم، كىگىز، ئارغامچا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلىتىپ كەلگەن.

كىگىزچىلىك دۇكاندا ئېتىپ يۇمشىتىلغان قوي يۇڭىنى قول ئەمگىكى ئارقىلىق يېپىشتۇرۇپ، پىششۇرۇپ ھەر خىل شەكىلدىكى كىيىم - كېچەك ۋە تۇرمۇش بىساتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قول ھۈنەر تۈرى بولۇپ، بۇ ھۈنەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. كىگىزچىلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تەۋەررۈك قالغان بىر خىل كەسىپ بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەرلىرىدىن يەنە بىرى بولغان بوياقچىلىق كەسپى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى بوياق ئارقىلىق تەبىئىي تالالارنىڭ رەڭ تەكشىسىزلىكى جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى يېپىپ كەتكىلى، تەبىئىي تالالاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى تېخمۇ كۆپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى تېخمۇ كۆركەم، جۇلالىق، نەپىس ھالەتكە كەلتۈرگىلى، شۇنداقلا يەنە كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئارزۇسىغا مۇناسىپ كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىپ، زوقلىنىش، ھۇزۇرلىنىش ياكى قايغۇ - ھەسرىتىنى بىلدۈرۈش قاتارلىق نازۇك ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ بازار قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

كىگىز ئېتىشتە تەييارلىق باسقۇچى، يۇڭ سېلىش باسقۇچى، خامداش باسقۇچى ۋە پىششۇرۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىمىز.

كىگىزچىلىكتە ئاساسلىق ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال يۇڭ ۋە يۇڭلارنى بويايدىغان بوياقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەنئەنىۋى بوياق ماتېرىياللىرى ئوردان يىلتىزى، بۇزغۇن، توخۇمەك ئۇرۇقى، توخۇمەك چېچىكى، ئۈجمە پورى قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياق ماتېرىياللىرى، زاك، نىل، سۈرمە قاتارلىق تاغ - دەريا، كانلاردىن قېزىۋېلىنىدىغان مىنېرال بوياق ماتېرىياللىرى ۋە زەمچە، ئاق تاش، ھاك، شاخار، توغرىقى، جىگدە يېلىمى قاتارلىق قوشۇمچە بوياق ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىدۇ. يۇڭلارنى بوياش ۋە كىگىز ئېتىش مەشغۇلاتى داۋامىدا ياتاق، چىغ دۇكان، رېزىندە، قازان، قايچا، كەكە، دۆشە، شەپشەك، ئارغامچا، گەز، تارازا، يىلىك چۆپ، لەڭگەر چۆپ، ياغاچ ئويما تامغا، جاۋۇر، چوتكا، ئۆلگە، تۈز چۆپ، تۆشۈك چۆپ قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

چارۋا ماللاردىن ئېلىنىدىغان يۇڭ، چۇپۇر مەھسۇلاتلىرى ئاز بولمىسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت قوي يۇڭىلا كىگىزچىلىكنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. باشقا ھايۋانلارنىڭ يۇڭ - چۇپۇر مەھسۇلاتلىرى بولسا كىگىز ئېتىشكە يارىمايدۇ. ھەر خىل گۈللۈك كىگىزلەرنىڭ يۈزىدىكى گۈللەرنىڭ پەرقى، نۇسخا پەرقى، رەڭ پەرقى ۋە كىگىز يۈزىگە مۇجەسسەملەنگەن سەنئەت ئېستېتىك قىممىتى قوشۇلۇپ كىگىزنى تېخمۇ چىرايلىق، كۆركەم ئەنئەنىۋى تۈسكە كىرگۈزۈپلا قالماستىن ئۆيلەرگە كۆركەملىك ھەم ئازادىلىك بېغىشلايدۇ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كىگىزنىڭ چىدامچانلىقى ياخشى بولىدۇ. رايونىمىزنىڭ قۇرغاق ئىسسىق كلىماتىدا كىگىزنىڭ نەملىشىپ پۇراپ قېلىشى، سېسىپ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. كىگىزنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارى ياخشى بولغاچقا، ئادەم بەدىنىدىكى سوغۇق يەلنى، رېماتىزمنى تارتىپ، سالامەتلىكنى ئاسراشقا نىسبەتەن پايدىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. شۇ نۇقتىدىن كىگىزنى ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكتە بىمارنى كىگىزگە ياتقۇزۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىسسىقلىق قىلىش، ئىسرىقلاش، كۈدىلەش (ئاشلاش) قاتارلىق ئۇسۇللاردا داۋالاشتا ئىشلىتىدۇ.

كىگىزچىلىك ھۈنىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايونلارغا ئومۇميۈزلۈك تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، كۇچا قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە بىر قەدەر كەڭ تارقالغان، كىگىزچىلىك ناھىيەمىزدە ئاساسلىقى چىمەن بازىرى، كۇچا بازىرى، ئۇچا بازىرى، خانىقتام يېزىسى قاتارلىق يېزا-بازارلارغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئەنئەنىۋى كىگىزچىلىك ھۈنىرىنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ھۈنەرۋەن، كاسىپلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بۇ كەسىپ بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىدىغان ئۇستاملارنى يەنىلا ئاز دېيىشكە بولىدۇ. دىيارىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن كىگىزچى ئۇستاملاردىن ئۇچا بازىرىدىن ئىسمائىل موللام، چىمەن بازىرىدىن جالال ئابلا قاتارلىق كىشىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئىسمائىل موللام (1822-يىلى تۇغۇلۇپ، 1920-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) بۇ ھۈنەرنى جىيەنى كېرەم باقىغا قالدۇرغان، شۇ تەرىقىدە بۇ ھۈنەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەرنى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدۇرۇش ئادىتى بويىچە ئوغلى توختى كېرەمگە ۋە نەۋرىسى تۇرسۇن توختىلارغا مىراس قالغان، ھازىر ناھىيەمىزنىڭ ئۇچا بازىرىدا تۇرسۇن مىجىت بۇ كەسىپ بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە، كىگىزچىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر 1970-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئالاھازەل 30 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە بۇنىڭغا سەرپ قىلىنغان ۋاقىت ئانچە قىسقا بولمىسىمۇ، لېكىن كىگىزچىلىكنى پۈتۈنلەي ماشىنىلاشتۇرۇش تېخى تولۇق ئىشقا ئاشمىدى. كىگىزچىلىك ئىشلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا قېلىپلاشقان، ئۆلچەملەشكەن، سىستېمىلىق يازما ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ كەسىپ ھېچبىر ئۈزۈلۈپ قالماستىن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنداق بولۇشىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدەممۇقەدەم تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ كەلگەنلىكى بىلەن، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى قوللىنىشتىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ شۇ خىل تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە لايىقلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا كىگىزچىلىكنىڭ خام ئەشيا مەنبەسى بىلەن ئىستېمال دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق رول ئوينىغان. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئائىلىلىرىدە ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك قوي بېقىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يۇڭنى خام ئەشيا قىلىپ، كىگىزچىلەرگە ئازراقلا ئىش ھەققى بېرىش بەدىلىگە، بىر نەچچە پارچە كىگىز ئەتتۈرۈپ تۇرمۇش چىقىمىنى تېجەپ قالالايدۇ. قوي يۇڭىدا ئېتىلگەن كىگىزنىڭ ئېلاستىكلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئۇزاق چىدايدۇ. سۈپىتى ياخشى، تەننەرخى تۆۋەن بولغاچقا تۇرمۇش سەۋىيەسى ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئائىلەلەرنىڭ بىمالال ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ. گۈللۈك كىگىزلەر مىللىيچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز خاراكتېرىگە ماس كېلىشى بىلەن بىللە، ئۇ سالامەتلىكنى ئاسراش، ياخشىلاش رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئەتىۋارلىق سەنئەت ئاسار-ئەتىقە بۇيۇمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇمۇ مۇشۇ تۈردىكى بىر ئەۋزەللىكتىن ئىبارەت. كىگىزنى ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ تەبىئىتىنى چۈشىنىش ئاساسىدا ئاسراپ ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك. كىگىزگە ئاسان كۈيە چۈشىدىغان بولغاچقا، كىگىزنى ئىشلەتكەندە بولسۇن ياكى ئىشلەتمەي يىغىپ قويغاندا بولسۇن، ئۇنى سالقىن ئورۇنغا سېلىش ياكى قويۇش، كىگىز ئاستىغا ياڭاق غازىڭى، بۇيا يوپۇرمىقى سېلىش، كالڭ ياكى كارىۋات ئۇستىگە نېپىز سۇ چېچىپ ئاندىن كىگىزنى سېلىش ياكى كىگىزنى پات-پات ئاپتاپقا يېيىش، دورا چېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كىگىزگە كۈيە چۈشۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا كىگىزلەرنى 20، 30 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاراق ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئۆلۈم-يېتىم بولغاندا مېيىتنى ئىشلەتمىگەن يېڭى كىگىزگە يۆگەپ ئۇزدىتىدىغان بىر ئادەت بار. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا ھەرقانداق ئائىلىدە بىرەر پارچە بولسىمۇ كىگىز ساقلايدىغان ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت بار ھەم داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

دېمەك، دىيارىمىز كۇچادىكى ئەنئەنىۋى كىگىزچىلىك تېخنىكىسى ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخقا ئىگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىللاردىن بۇيان بۇ تۈرنىڭ تەرەققىياتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا نۇرغۇن جەھەتتىن پايدىلىق ئىمكان ئېلىپ كەلگەن ھەم ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئارىسىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەر بۇ كەسىپكە ئىجابىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىپ بۇ خىل ئەل ئىچى ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىي يادىكارلىق ئىدارىسىدىن)



# مۇز داۋان يولىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭلەر

مامۇت قۇربان

ئاپتور ئىلاۋىسى: مەن بۇ ماقالىدىكى رەسىملەرنى
فىنلاندىيەلىك كارل. گۇستاف. مانىېر ھېيمنىڭ 1906-
1908-يىللىرى يازغان «غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش
خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدىن ئالدىم. شۇنداقلا مەم-
تىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ «سالچىلار» رومانىنى ئوقۇپ
ئۇنىڭدىكى يەر ناملىرىغا بەرگەن ئىزاھاتىدىن پايدى-
لاندىم. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىسىملارنى توغرا ئېلىش
ئۈچۈن ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن سۈرۈشتە قىلدىم.

«مۇز ئارت» قەدىمىي يولى شىمالدا موڭغۇلكۈرە-
نىڭ شۇتا يېزىسىدىن جەنۇبتا ئۇنسۇنىڭ مازار ئۆتىڭىگىچە
70 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ ئەگرى-بۈگرى تاغ يول-
لىرى قار-مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى مۇز دا-
ۋاندا 80 نەچچە پەلەمپەي بولۇپ، ئەسلىدە يەتتە كۈنلۈك
يول ئىدى. كېيىن تاغ باغرىدىكى قارلار ئېرىپ، يول ئې-
چىلىپ، موڭغۇلكۈرەدىن ئاقسۇغا شىنجاڭغا تۆت-بەش
كۈندىلا بارغىلى بولىدىغان بولغان. گەرچە بۇ يولنىڭ
بەزى بۆلەكلىرىدە ھەر سەككىز-توققۇز كىلومېتىر مۇساپى-
دا بىر ئۆتەڭ بولسىمۇ ھەمدە شۇ ئۆتەڭلەرنىڭ ئەينى
ۋاقىتتا ناملىرى بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى،
مىللەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ئۇ ناملار
ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ياكى ئۆزگىرىپ
كەتكەن. ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش بىر قەدەر قىيىن.

ئاقسۇ ئونسۇ جامدىن يولغا چىققان يولۇچى يەتتە
كۈن مېڭىپ ئاندىن موڭغۇلكۈرەگە كېلىدۇ.

**1)** جام ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىكى
قارا يۇلغۇن بىلەن تۈگمەن ئارىلىقىدا چوڭ يول ئۈستىدە-
كى بىر يېزىنىڭ نامى. تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان قاتناش
تۈگۈنى بولۇپ، جەنۇبتىن غۇلجىغا بارىدىغانلار، غۇلجى-
دىن جەنۇبقا ئۆتىدىغانلار بېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆتەڭ.
جام ئۇيغۇر تىلىدا «قاچا»، «ئۆتەڭ»، «مەنزىل»
دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. جامنىڭ «تۈمەن»،
«ھاسا»، «توڭتۇر»، «ئىشلەمچى»، «تازلەڭگەر»،
«ئاق ئېشەك لەڭگەر» قاتارلىق كەنتلىرى بار. جامنىڭ
شىمال تەرىپىدە بىر نەچچە ئېقىن يوللىرى بار. جامدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۇچۇكبۇيا كۆپ، شىمال تەرەپلىرىدىكى سايلىقلاردا چاكاندا ئۆسىدۇ.

2) **تۇزكان** جامدىن 34، 40 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، تۇزكانغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن تاشتۇز يەنى تاغ تۇزى چىقىدۇ. ئۇنىسۇ خەلقى تارىختىن بېرى بىر كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ تۇز كولاپ ئېلىپ ئۇنى ئۇنىسۇ بازىرىغا ئەكىلىپ ساتىدۇ.

3) **تىكەن قورۇق.** ئۇنىسۇنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى بىر يېزا. تىكەن قورۇق بوزدوڭنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان. تىكەن قورۇقتىن تۇز ئاۋات دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ يەردىكىلەر بۇرۇن ھويلا تېمنى تىكەندىن چىتلايتتى. تىكەن قورۇق «تىكەندىن قورۇلغان تام»، «تىكەنلىك دېھقانچىلىق مەيدانى» دېگەن مەنىدە. بوزدۇڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت مانا مۇشۇ يەردە. باي ياقىرىقنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن بارغىلى بولىدىغان يولمۇ بار.

4) **بوز دۆڭ** ئۇنىسۇغا قاراشلىق بىر تاغلىق رايونىڭ نامى. تىكەن قورۇقنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. جامدىن شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر ماڭسا بوزدۆڭگە بارغىلى بولىدۇ. تىكەن قورۇق بىلەن بوزدۆڭنىڭ ئارىلىقى سەككىز - ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. «بوز» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا: (1) ئېچىلمىغان يەر (2) بىر خىل رەڭنىڭ نامى. ئاق بىلەن كۆل رەڭ ئارىلىششتىن پەيدا بولغان رەڭ «بوز رەڭ» دېيىلىدۇ.

5) **«تەلەمەتنىڭ داۋىنى»** بۇ تاغ تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى يىل بويى مۇز ئېرىمەيدىغان مەشھۇر داۋان.



كۇچا بازىرىدىن 147 كىلومېتىر كېلىدۇ. شۇڭا «كۇچا تەلەمەت داۋىنى» دېيىلىدۇ. بۇ داۋاننىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلار تېكىلىك تاغ بىلەن ئاق تاغدىن ئېقىپ چىققان بۇلاق سۇلىرىغا قوشۇلۇپ قارا شەھەر دەرياسىنى ھاسىل قىلسا، كۈنگەي تەرىپىدىكى مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلارمۇ تېكىلىك تاغ ۋە ئاق تاغدىن ئېقىپ بۇلاق سۇلىرىغا قوشۇلۇپ، كۇچا دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. «تەلەمەت» دېگەن سۆز «تەلۋە ئەمەت» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن.

6) **«قورغان»** تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇز داۋان يولىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ. ئىلگىرى ھۆكۈمەت بۇ يەرگە قەلئە سېپىلىنىڭ بىر تەرىپىنى دەرياغا، بىر تەرىپىنى تاغ چوققىسىغا سوزۇپ، جەنۇب، شىمال ئېغىزلىرىنى بېكىتىپ بىر قورغان سالدۇرغان. بۇ قورغاندا بىر قاراۋۇلخانا بولغان. بۇ قاراۋۇلخانىدا بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر تەكشۈرۈلەتتى. كېيىن بۇ يەرنىڭ نامى «قورغان» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇ قورغاننى ياقۇپ بەگ سالدۇرۇپ، ئەسكەر توختىتىپ، كېيىم-كېچەك ئىسكىلاتى قىلغانىكەن.

7) **«جىرغىلاڭ»** بۇ غۇلجا ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىكى بىر قەدەر چوڭ ھەم سۈيى تېز ئاقىدىغان دەريا. بۇ دەريا ساغارتا — توغرا سۇدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 85 كىلومېتىر بولۇپ، 45 مىڭ 400 مو يەرنى سۇغىرىدۇ. «جىرغىلاڭ» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «پاراغەت»، «ئولتۇراق جاي» دېگەن مەنىدە. جىرغىلاڭ يېزىسى توققۇزتارا ناھىيەسىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى. «جىرغىلاڭ كەنتى»دە جىرغىلاڭ دەرياسى بار.

8) **«مۇز داۋان»** ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان تاغلىق يول. مۇز ۋە قارلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، مۇز داۋان ئارقىلىق موڭغۇلكۈرەنىڭ شۇتا رايونىغا بارغىلى بولىدۇ. قىزىلبۇلاق (لەڭگەر) بىلەن شۇتىنىڭ ئارىلىقى 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىزىلبۇلاقتىن مۇز داۋانغا 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. مۇز داۋاننىڭ يەنە مۇز تاغ، مۇز چوققا، مۇزاتغوجام، مۇسار تېغى، مۇسۇر چوققىسى دېگەنناملىرىمۇ بار. مۇز داۋاندا قارا تۇتەك يىل بويى كەتمەيدۇ، شۇڭا قارا داۋان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

9) **«ئايغىر ئالدى»** بۇ جاي قەدىمكى مۇز داۋان

2016.3

يولنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى شىپالىق بىلەن توغرا سۇ ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ جايدىكى يول ناھايىتى تار بولۇپ، بىر مېتىردىن ئىككى مېتىر كېلىدۇ. ئىككى تەرىپى تىك ھاڭ، ماڭغان كىشىنىڭ بېشى قايىدۇ. تارىختا بۇ يەردە نۇرغۇن ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكى قالغان. بۇ يولدا ئايغىر ئالدىدا يول باشلاپ بەرمىسە باشقا ئاتلار مېڭىشتىن قورقاتتى. ھەرقانداق سەپەردە ئايغىر ئالدىدا ماڭاتتى. شۇڭا بۇ يەر «ئايغىر ئالدى تاغ» دەپ ئاتالغان. بۇ سۆز «ئايغىر ئالدىدا ماڭىدۇ» دېگەن مەنىدە.

10) «شىپالىق» بۇ مۇز داۋاندىكى ئەڭ ئېگىز بەل. ئىككى تەرىپى مۇز بىلەن قاپلانغان داۋاننىڭ ئوتتۇرىسى يېشىلزارلىق بولغاچقا «شىپالىق تاغ» دەپ ئاتالغان. بۇ تاغدا ئالتە-ئون ئاي ئېچىدە ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ، ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغاچقا «ئىپارلىق تاغ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

11) «ياماتۇ» بۇ ئىلى دەرياسىدىكى مۇھىم بىر كېچىك. ياماتۇ چوڭ دەريانىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان جاي بولۇپلا قالماي، يەنە كۈنەس ۋادىسىغا ئۆتىدىغان بىردىنبىر جاي. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا توققۇزتارا، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۈنەسلەر ناھىيە بولۇپ تەسىس قىلىنغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت قاتناش تارماقلىرى بۇ يولغا ئاپتوموبىل ۋە يولۇچىلارنى ئۆتكۈزىدىغان چوڭ كېمە سالدى. 1983-يىلىغا كەلگەندە 174 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆۋرۈك سېلىنىپ قاتناش ياخشىلاندى. «ياماتۇ» ئۇيغۇر تىلىدا «پاتقاقلىق تاغ» دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

12) «بايانداي» چيەنلۇڭنىڭ 26-، 45-يىللىرى (1761-، 1780) غۇلجا شەھىرى ۋە ھازىرقى غۇلجا قورغاس ناھىيەلىرى تەۋەسىدىكى «ئىلى توققۇز قەلئە»دىن بىرى. ئۇ يەرگە «خۇيىنىڭ» دەپ نام قويۇلغان. ئىلى جياڭجۈنى «خۇيىيۈەن» (كۈرە)دە تۇراتتى. بۇ توققۇز قەلئەدىن «خۇيىنىڭ»، «خۇيىيۈەن» قەلئەلىرىدە مانجۇ گازارمىسى، قالغانلىرىغا قارام گازارمىلار جايلاشقان. «بايانداي» بىلەن «كۈرە» غۇلجا شەھىرى بىلەن ھازىرقى قورغاس ناھىيە ئارىلىقىدا. «خۇيىنىڭ» قەلئەسىدە «بايانداي» ئىسىملىك مانجۇ تۇرغان. «كۈرە» ھويلا دېگەن مەنىدە بولۇپ، «خۇيىنىڭ كۈرەسى»، «بايانداي كۈرەسى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ جاي «بايانداي» ئىسىملىك موڭغۇلنىڭ نامىدا ئاتىلىپ كەلمەكتە.

13) «تېكەس دەرياسى» ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تارمىقى بولغان تېكەس ئىلى دەرياسىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى. سۈيى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىقىپ «موخور جىرغىلاڭ» (تومشۇق جىرغىلاڭ)نى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قارا بورا تاغلىرىدىن ھالقىپ، كۈنەس دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. كۈنەس دەرياسى قاش دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىپ، چاپچال ۋە سۈيدۈڭ ئىككى ناھىيەدىن ئۆتۈپ ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپ، يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. جۇڭگو-قازاقىستان چېگراسىغىچە بولغان ئومۇمىي ئارىلىق 205 كىلومېتىر، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 74 كىلومېتىر كېلىدۇ.

14) «توققۇزتارا» ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى غۇلجا ناھىيەسىگە تۇتاش ناھىيەنىڭ نامى. توققۇزتارا ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ چوڭ تارمىقى تېكەس دەرياسى ئارىلىقىدىكى بىپايان ئوتلاقتىن تەركىب تاپقان يەرنىڭ نامى بولۇپ، بۇ «توققۇز پارچە دالا» يەنى «كەڭ دالا» — كەڭ يايلاق دېگەن مەنىدە.

15) «قىزىلبۇلاق كەنتى» بۇ يەر مۇز داۋان يولىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ. تاغ ئېغىزىدىن شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، قىزىلبۇلاق كەنتىگە يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. «قىزىلبۇلاق» مۇز داۋان يولىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ بولۇپ، بۇ يەنە «لەڭگەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «قىزىلبۇلاق كەنتى»دىن مۇز ئارت دەريا كەنتىگە 16 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ كەنتتە ئون ئائىلە ئولتۇراقلاشقان.

16) «تىلقاراسۇ ئۆتىڭى» بۇ چاخاپ دەريا بويىدىكى ئۆتەڭنىڭ نامىدۇر. بۇ دەريا ئوڭ تەرەپتىكى تاغ جىلغىسىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان تېكەس دەرياسىنىڭ باشقا ئېقىنلىرىدەك چوڭقۇر ئەمەس. تەكتى تەكشى ھەم تېيىز، داۋاملىق شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، ئوڭ تەرەپتە «تۈرگەن تاغلىرى» بولۇپ، ھازىر بۇ تاغ «ئۈچ كەپتەر تاغلىرى» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «قاراگەي تېغى»، «تاياسۇ تېغى»، «جامبىنىڭ تېغى» دېيىلىدىغان تاغ تىزمىلىرى بار. «تىلقاراسۇ ئۆتىڭى» دېگەن سۆز «سۇنىڭ تەكتى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، سۈزۈك سۇلۇق ئۆتەڭ» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەنىدە بولۇپ، «تېگى قارا سۇ» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشىدۇر.

17) «يېڭىمەھەللە» ئاۋات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئاۋات كەنتى بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق ئائىلە بار. ئاۋات دەرياسى بويىدىكى قونالغۇدىن شىمالغا قاراپ ماڭغاندا تاغ جىلغىسىنىڭ غەربىي تەرىپى «دۆش تاغ» شەرقىي تەرىپى «قارا قىش تاغ» ياكى «قارتا يايلاق تاغ» دېيىلىدىغان يەرگە يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. بۇ تاغ چوققىسى ئىنتايىن تار بولۇپ، ئادەم ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. تاغ باغرىدىكى كۆلچەك بويىدا «قورغان» ياكى «كوناسار» دېيىلىدىغان بىر قاراۋۇلخانا بار. بۇ قورغاننى ياقۇپ بەگ سالدۇرۇپ، ئەسكەر تۇختىتىپ، كېيىم-كېچەك ئىسكىلاتى قىلغان.

18) «تامغا تاش» بۇ مۇز ئارت دەرياسىنىڭ سۈيى يوغان قارا رەڭلىك بىر تاشنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. يولۇچىلار مانا مۇشۇ تاش ئۈستىدىن ئۆتۈش جەريانىدا تاشقا ئىسىملىرىنى يېزىپ ئىز قالدۇرغان ھەمدە قەدىمدە سىزىپ قالدۇرغان ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى بۇ تاشتا تامغىغا ئوخشاش ئىز پەيدا قىلغاچقا، بۇ يەر «تامغا تاش» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە تاشتىن قوپۇرۇلغان كىچىكرەك بىر قورغان بار. قورغان ئىچىدە بىر نەچچە ئېغىزلىق تاش ئۆيمۇ بار. مۇز ئارت داۋىنىغا قاراپ ماڭىدىغان ئېگىز تاغ يولى بۇ جايدىن باشلانغان. يېڭىمەھەللىدىن قىيىنلىقتىكى تامغا تاشقىچە بولغان ئارىلىق 50، 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەريا بويلىرىدا توغراق بىلەن ئارچا ئۆسكەن. قىيىنلىق بىلەن تۇغبەلچى ئارىلىقىدىكى جىلغىنىڭ ئېغىزىدا كىچىك چاتقاللاردىن باشقا دەرەخ يوق، پەقەت يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ئۆسىدۇ.

19) «خان يايلاق» بۇ ئىلىغا بارىدىغان تاغلىق يولدىكى بىر يايلاقنىڭ نامى. مۇز ئارت داۋىنىشى بىلەن «خان يايلاق» ئۆتەڭنىڭ ئارىلىقى 25، 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يايلاقتا بۇرۇن خاننىڭ چارۋىلىرى ئوتلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەر «خانيايلىقى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن «خان يايلاق» بولۇپ ئۆزگەرگەن.

20) «توغرا سۇ» بۇ سۇ «ئايغىر ئالدى داۋىنى»دىن چۈشكەندە سول تەرەپتىن كەلگەن ئۇلۇغ بىر سۇ يولىنى توغرا تۇسۇپ ئۆتۈپ مۇز داۋاندىن كېلىۋاتقان سۇغا قوشۇلىدىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ يەرنىڭ سۈيى «توغرا سۇ» دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى سۇنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدا ئىككى-ئۈچ ئۆتەڭ بار.

21) «قاراسۇ» قورغاس ناھىيەسىگە قاراشلىق بىر دەريانىڭ نامى. ئۇ يەردە قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا قاراسۇ قىرغىزلار تۇرالغۇسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاراسۇ «سۈزۈك بۇلاق» دېگەن مەنىدە، قاراسۇ دەرياسى «قومۇشلۇق جىرا بازىرى»غاتەۋە. بازارلىق ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئارىلىقى غەربىي شىمالدىن بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. 12 كىلومېتىر مېڭىپ، ئاغىياز دەرياسى بويىدىكى قىرغىزلارنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. قىرغىزلار قىشتا جىلغىدا، يازدا زىمىسۇر تاغ جىلغىسىنىڭ شىمالىدا كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

22) «قوغۇنچى» چاپچال شىۋە ئاپتونوم ناھىيەسىگە قارايدۇ. قوغۇنچى چاپچالنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 22 كىلومېتىر كېلىدۇ. قاينۇق يېزىلىق ھۆكۈمەت قوغۇنچى كەنتىگە ئورۇنلاشقان. قوغۇنچى «قوغۇن تېرىغۇچى» دىگەن مەنىدە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتدا بۇ يەردە قوغۇن تېرىدىغانلار كۆپ بولغان.

23) «دادامتۇ» ئىلى شەھرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى. موڭغۇل تىلى بولۇپ، «تىكەنلىك»، «قۇرۇق چاتقانلىق» دېگەن مەنىدە.

24) «داۋانبېشى تاغ» مۇز داۋاندىكى ئىككى تاغ ئارىسىدىكى مۇزلۇق كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە ئۇزۇن قېلىن قار بىلەن قاپلانغان. بۇ تاغدىكى كىچىك بىر تەكشىلىكتە «مۇز ئارت مازىرى» دېيىلىدىغان بىر مازار بار. مازارنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە توپىدىن سوقۇلغان ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆي تاغنىڭ سىرتىغا چوقچىيىپ چىققان تاغ ئۇچىغا سېلىنغان. بۇ يەردە يول ئىشچىلىرى يېتىپ قوپىدۇ. بۇ سودىگەرلەر قاتتىق سوغۇقتا ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان جاي. تاغلار ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، لېكىن يول تەدرىجىي ئۆرىدەپ ماڭىدۇ.

25) «گىلجان ئۆتىڭى» ساتمۇسۇر كەنتىدىن چىقىپ ئون مىنۇت ماڭغاندا، ئۇڭ تەرەپتىكى تاغ — «مارسى تاغ»نىڭ ئەڭ چېتىدە بىر قانچە ئېدىرلىقلار بار. بۇ ئېدىرلىقلارنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئەڭ چوڭ ئېدىرلىقتا قالماقلار ھەر يىلى دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان

مۇقەددەس جاي بار. «ساتما سۇر دەرياسى»نىڭ قارشى قىرغىقىدىن 15 چاقىرىم يىراقتىمۇ مارسى تېغى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سەل شەرقىي شىمال تەرەپكە ماڭسا «ئاقياز» تەرەپكە بارغىلى، يەنە داۋاملىق ماڭسا تېكەس دەريا يايلىقىغا، يەنە تەخمىنەن 32 كىلومېتىر ماڭسا گىلىجاندىن ئىبارەت بىر كونا قونالغۇغا يېتىپ كېلىدۇ.

**26) «ساتو كەنتى»** «خانيايلاق»تىن يولغا چىقىپ تۇرا دەريا ئېقىنىدىكى تار جىلغا بىلەن «ساتمۇر كەنتى»گە يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇز داۋان. سول تەرەپتىكى تاغلاردا ئېگىز قارىغايلار، ئوڭ تەرەپتىكى تاغلاردا پەقەت شەمشادلىق ئورمىنى كۆپ. ساتو كەنتىدە «ساتمۇسۇر دەرياسى» بولۇپ، بۇ دەريا «توغرا سۇ دەرياسى»غا قوشۇلىدۇ. بۇ دەريا جىلغىسىدىن تەخمىنەن ئىككى سائەتتەك ماڭغاندا جەنۇب بىلەن ئىلىنىڭ ئايرىلىش چېگراسىغا يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. كەنتتە بىر قاراۋۇلخانا بار. 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كوچىسى، بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان 16 ئېغىزلىق ئۆيى بار، ھازىرقى «كۆرە»نىڭ نامىدۇر.

**27) «خارگەنتۇ ئۆتىكى»** گىلىجاننىڭ غەربىي شىمالىدىن ئىككى-ئۈچ كىلومېتىر مېڭىپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. تېكەس دەرياسى بۇ يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۈچلۈك ئىككى ئېقىن پەيدا قىلىدۇ. شىمالىي تەرەپتىكىسى كىچىك، جەنۇب تەرىپىدىكى ئاساسىي ئېقىن كەڭلىكى 35-40 مېتىر كېلىدۇ.

**28) «بارسا كەلمەسنىڭ تېغى»** بۇ توغرا سۇ تېغى، بارسا كەلمەس تېغىنىڭ ئاغىياز جىلغىسىغىچە سوزۇلغان. بۇ يەردە زور بىر مۇزلۇق بار. بۇ جىلغىنىڭ كەينىدىكى تاغ «قارا بارسا كەلمەس تېغى» يەنى «داۋان بېشى تېغى» دېيىلىدۇ. بۇ تاغدىكى يولنىڭ كەڭلىكى 1-1.5 مېتىر كېلىدۇ. تاغ ئۈستىدە ئات-ئۇلاغ قارا تۇماندا قالسا، ئاسانلا سىيرىلىپ كەتكەچكە «بارسا كەلمەس تېغى»دەپ ئاتالغان. «بارسا كەلمەس تېغى»نىڭ ئېغىزىدا كونا بىر ياغاچ كۆۋرۈك بار. توغرا سۇ تارماق ئېقىن پەيدا قىلغان تاغ «خانيايلىقنىڭ تېغى» دېيىلىدۇ. بۇ تاغ داۋاملىق تۇتەك پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر تاغقا چىقىپ تۇتەك پەيدا بولسىلا ئادەم يولنى تاپالماي ئادىشىپ قالىدۇ - دە، خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

**29) «قاپچىغاي ئۆتىكى»** سارتىك تۇرالغۇسىدىن شەرققە قاراپ بىرئاز ماڭسىلا، ئېڭىشتىن چۈشۈپ، كىچىك سۇ دەريا بويىغا كەلگىلى بولىدۇ. بۇ دەريا سۈيى جەنۇبتىن شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئۈچ غۇلاچ كەڭلىكتىكى ئېقىن ھاسىل قىلىپ ئاقىدۇ. سۈيى ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ، سۇ ئاستىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**30) «ئۇنسۇ ئۆتىكى»** قاپچىغاي ۋە ئاغىياز دەريا بويىدىكى تۇرالغۇدىن يولغا چىقىپ، 16 كىلومېتىردەك شەرققە بۇرۇلۇپ، «ئۇنسۇ» تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئاخىرى ئۇنسۇغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى ئاغىياز دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ئېگىز تاغلاردا تاغ تېكىسى ۋە ئارقارلار بار.

ئاغىياز دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئېگىز تاغلار بولۇپ، ئۇنسۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تاغ باغرى سەل تەكشى. ئاغىياز دەريا بويىدىكى تاغلار دېڭىز يۈزىدىن 3570 مېتىر ئېگىز.

**31) «تۇغبەلچى»** بۇ مۇز ئارت دەرياسى بىلەن مۇزلۇقتىن چۈشكەن سۇ قوشۇلۇپ ئاقىدىغان جاي. بۇ جايدا دەريا ۋادىسىنى توغرىسىغا توسۇپ تۇرىدىغان توپا تاغقا ئوخشاپ كېتىدىغان 300 مېتىر كەڭلىكتىكى بىر بەل بار. كۈچلۈك سۇ دولقۇنى بۇ يەرگە كېلىپ بىر قاينام ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بەل خۇددى تۇغانغا ئوخشىغاچقا «تۇغبەلچى» دەپ ئاتالغان. يولۇچىلار مەيلى غۇلجىدىن ئاقسۇغا ياكى ئاقسۇدىن غۇلجىغا ماڭسۇن بۇ تار جىلغىدىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇ جاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بولغاچقا 1945-يىلى 9-ئايدىن 1949-يىلى 9-ئايغىچە مىللىي ئارمىيەنىڭ تېكەس 1-پولك 1-روتىسى بۇ يەرنى ساقلىغان.

**32) «ئارغۇ تېغى»** تامغا تاش قونالغۇسى كەينىدە ئوڭدىكى تاغلار «قارا تاغ»، «قىزىلتاغ» ۋە «بارسا كەلمەس قارا تاغ» دەپ ئاتالسا، سول تەرەپتىكى تاغ «شىپالىق تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تومۇرى بىر. بۇ تاغلارنىڭ ھەممىسى مۇز بىلەن قاپلانغان. بۇ مۇزلۇقتىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندىكى تاغ «ئارغۇ يەر تېغى» دېيىلىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز تاغلاردا بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان مۇزلار ساڭگىلىشىپ تۇرىدۇ. بۇ جىلغىدىن ئاققان سۇ دەريا قېنىدا تولۇپ ئاقىدۇ. بۇ ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تاغ دېگەن مەنىدە.

**33) «ئايدىڭ بۇلاق»** تاغ جىلغىسىدىكى دەريا

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بويىدا «ئايدىڭ بۇلاق» دېيىلىدىغان يەر بار. ئايدىڭ بۇلاق بىلەن «خامۇر داۋان» (تۇمشۇق داۋان) داۋاننىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 15، 16 كىلومېتىر كېلىدۇ. پۈتۈنلەي مۇزلۇق، ئۇ يەردە يەنە «بوردۇ بۇلاق جىلغىسى» دېيىلىدىغان بىر جىلغىمۇ بار. بۇ جىلغىنىڭ غەربىدە «خامۇر داۋىنى»، شەرقىدە «بۇغىلىق تاغ» بار. بۇ تاغدا بۇغىلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر چاقىرىم ماڭسا «ئايدىڭگەر» دېگەن كونا ئۆتەڭگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەر ھۆكۈمەت ئالاقىسىنى يەتكۈزىدىغان ئورۇن قىلىنغان.

34) «شۇتا» شۇتا شۇتا سېپىنىڭ ئېغىزىغا، شۇتا دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. موڭغۇلكۈرە تەۋەسىدە، شۇتا مۇز داۋاندىن ئۆتۈشتىكى تۇنجى ئۆتەڭ بولۇپ، مۇز داۋاننىڭ مۇز پەلەمپەيلىرى شۇتا دېيىلىدۇ. مىلادىيە 1760-يىللاردىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 120 ئۆيلۈك ئادەمنى تامغا تاشقا ئەۋەتىپ، مۇز چوقۇتقان. ھەر كۈنى 20 ئادەم مۇز چاناپ، ياغاچ كېسىپ، شۇتا (پەلەمپەي) ياساپ تۇرغان. شۇتا يېزىسىدىن 28 كىلومېتىر يىراقلىقتا «شۇتا ئارشىڭى»، شۇتا سېپىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا شۇتا دەرياسى بار.

35) «پىلىچى دەرياسى» بۇدەريا گۇگۇرچىن تېغىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن باشلىنىپ، دەريا 2550 مېتىر ئېگىزلىكتىن ئېقىپ چۈشىدۇ، دەريا ۋادىسىنىڭ كۆلىمى 808 كۋادرات كىلومېتىر، سول تەرىپىدىكى قىرغاقتا «ئاقۇشۇ جىلغا سۈيى» (ئاق ھۇشۇ جىلغا سۈيى)، «ئېرمەندە»، «ئاچا»، «پەنجىم بۇلاق»تىن ئىبارەت تۆت تارماق ئېقىن بار. بۇ ئېقىنلار غۇلجا شەھىرىدىن ئۆتۈپ، ئىلى دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. پىلىچى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى پۈتۈنلەي قارىغاي بىلەن قاپلانغان. بۇ دەريانىڭ بېشىدىن سۇ پونكىتىغىچە بولغان ئارىلىق 40 كىلومېتىر، سۇ پونكىتىدىن ئىلى دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىق 37 كىلومېتىر كېلىدۇ.

36) «ئاغىياز دەرياسى» ئاغىياز دەريا تۇرالغۇسىدا قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان. ئاغىياز دەرياسى بويىدا ئاغىياز تۇرالغۇسى بار. ئاغىياز دەريا قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكتىن داۋاملىق شەرققە قاراپ ماڭغاندا دەريانىڭ سول قىرغىقىدا چۆپلۈك ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئېگىزلىكى 1.3 مېتىر، قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر ئادەم سۈرەتلىك تاش (سىنتاش) بار. بۇ تاشنىڭ يۈزى شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ. شەرقىي جەنۇب تەرەپتە ئارىلىقى 18 مىل كېلىدىغان يەردە بىر بۇلاق سۈيى بولۇپ، مانا بۇ ئاغىياز دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىدۇر. بۇ دەريا ئاقىدىغان جىلغا «ئاغىياز جىلغىسى» دېيىلىدۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى تېز بولۇپ، ئۆتمەك تەس، دەريا جىلغىسى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يۆزلەنگەن. دەريا جىلغىسى تار بولۇپ، ئىككى تەرىپى قىيالىق بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ جىلغىدا چوڭ تاشلار، شېغىللىق، دەريا قىرغاقلىرىدا ھەر خىل گۈللەر ئۆسكەن. «ئاغىياز» دېگەن سۆز خۇددى «ئايىغى بۇلاق» دېگەن ئاتالغۇ «ئايغىر بۇلاق» دەپ بۇزۇلۇپ ئېيتىلغاندەك، «ئاغىياز» دېگەن سۆزمۇ «ئايىغى باھار» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ، «ئايىغى باھار»، «ئايىغى ياز» دېگەن مەنىلەردە بولىدۇ.

37) «ناغرا تاش» بۇ، توققۇز تارانىڭ غەربىدىكى بىر جاينىڭ نامى بولۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە 100 يىللار ئىلگىرى بىر قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ناغرا-دۇمباقلىرى چېلىنغان جاي.

38) «ئايدىڭگەر» قەدىمكى مۇز داۋان يولىدىكى «توغرا سۇ» بىلەن «شۇتا» ئارىسىدىكى بىر ئۆتەڭ بولۇپ، «ئايدىڭدا قونغان جاي» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى.

39) «قارا كۆل» مۇز داۋان تەرەپتىن كەلگەن بىر نەچچە ئېقىن سۇ «قارا كۆل» دېيىلىدىغان يەرگە كېلىپ قوشۇلىدۇ. بۇ سۇلار كېلىپ يىغىلىدىغان يەر بولۇپ، بۇ «چوڭ كۆل» دېگەن مەنىدە، كەلپىن بىلەن مارالبېشى چېگراسىدىمۇ «قارا كۆل» دېگەن بىر چوڭ توغراقلىق يەر بولۇپ، بۇ يەرگە ئەينى ۋاقىتتا يەركەنت دەريا سۈيى بىلەن كەلپىن قىزىل دەريا سۈيى يىغىلىپ كۆل پەيدا قىلغان، قارا كۆلدە بىر قارا كۆل ئۆتەڭگى بولغان.

40) «بوزكىرىكى داۋىنى» بۇ يەر تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېشىكى بولۇپ، باي ناھىيەسىگە تەۋە تاغ ئېغىزىنىڭ نامى. «بوزكىرىكى داۋىنى» دېگەن سۆز «بوزغا كىرىش داۋىنى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ داۋاندىن ئاشسىلا غۇلجا تەۋەسىگە كىرىدۇ.

41) «بايىنبۇلاق» بۇ ئەسلىدە «يۇلتۇز» دەپ

ئاتىلاتتى. يۇلتۇز ئەسلىدە بىر كۆلنىڭ نامى بولۇپ، بۇ سۆز «يول» ۋە «تۇز» دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان. «يول» قەدىمكى تۈركىي تىلدا «بۇلاق» دېگەن مەنىدە بولسا، «تۇز» دېگەن سۆز «يۇرت» دېگەن مەنىدە. «يۇلتۇز» دېگەن سۆز «بۇلاق يۇرتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بايىنبۇلاق» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «كۆپ بۇلاق» دېگەنلىك بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «تۇز» (3-توم، 169-بەت) ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنى «يۇرت» دەپ چۈشەندۈرگەن. توقسۇدا «چوڭ يۇلتۇز»، «كىچىك يۇلتۇز» دېگەن يەرلەر بار.

**42)** «چولاقتېرەك ئۆتىڭى» تېكەس دەرياسى بويىدا ئۇششاق ئارالچىلار بولۇپ، بۇ يەردە كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان — قېيىن دەرەخلىرى ۋە ئاق تېرەك ئورمىنى شىمالىي قىرغاقىچە سوزۇلغان. دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىمۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلار بار. «چولاقتېرەك» دېگەن سۆز «قىسقا تېرەكلىك»، «كالتا تېرەكلىك»، «تۇمشۇقتىكى تېرەكلىك»، «ئارالدىكى تېرەكلىك» دېگەن مەنىلەردە. «موخور تېرەك» دېيىلىدىغان يەردە قىرغىزلارنىڭ تۇرالغۇسى بار.

**43)** «تالدىبۇلاق» بۇ بۇلاق چۆرىسىدە سۆگەتلەر كۆپ ئۆسكەن مەنزىرىلىك جاي، «تاللىق بۇلاق» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشىدۇر.

**44)** «ئاقبۇلاق» چوڭ جىرغىلاڭ دەرياسىدىكى بىر تارماق ئېقىن بويىدا «ئاقبۇلاق» دېيىلىدىغان بىر ئۆتەڭ بولۇپ، بۇ ئىككى تارماق ئېقىن قىرغىقىدا قىرغىزلار زىچ ئولتۇراقلاشقان. بۇ ئۆتەڭ يول بويىغا جايلاشقان. «ئاقبۇلاق» دېگەن سۆز سۈيى ئاقىدىغان بۇلاق دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ئاقار بۇلاق»، «سۈيى ئاق يەردىكى بۇلاق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن.

**45)** **«بەش قاراسۇ»** بۇ «بەش سۈزۈك سۇ» دېگەن مەنىدە.

**46)** **«بۇغرا تۇرالغۇسى»** بۇ يەر ئەينى ۋاقىتتا «توققۇز قېلىن تام» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەردىكى تاملارنىڭ ھەممىسى توپىدىن سوقۇلغان بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان چوڭ يۇرت بولغان. بۇ يەر ھازىر «كىچىك بۇغرا» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**47)** **«سېسىق بۇلاق»** قورغاندىن چىققان يولۇچىلار «سېسىق بۇلاق» دېيىلىدىغان يەرگە كېلىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى سارغۇچ ھەمدە قويۇق بولۇپ، تاز ۋە تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشنىڭ ياخشى دورىسى. ئۇنىڭدىن چىققان ھور كېكىردەك ۋە كۆزنى ئېچىشتۇرىدۇ. بۇ بۇلاقتىن خېلى يىراق يەرگىچە سېسىق پۇراق كېلىپ تۇرغاچقا «سېسىق بۇلاق» دەپ ئاتالغان.

**پايدىلانمىلار:**


① كارل. گۇستاف. مانېر ھېيىم (فىنلاندىيە) «غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى» (1906-، 1908) جۇڭگو مىللەتلىرى گۈزەل-سەنئەت نەشرىياتى، 2004-يىل خەنزۇچە.

② مەمتىمىن ھوشۇر «سالچىلار»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2012-يىل.

③ ھاشىرجان ئىمىن «يەرنىڭ نامى — ئەلنىڭ نامى»، شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى، 2005-يىل 2-سان.

④ ۋاسلى ۋاسلىيېۋىچ رادلوف، «غۇلجىغا ساياھەت خاتىرىسى»، ئىلى دەرياسى، 2013-يىل 3-سان.

⑤ ئابلىمىت مۇھەممىدى، ئىسھاق باستى «ئىلى ۋىلايىتىدىكى يەر ناملىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى، 2000-يىل 3-سان.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتى پېنسىيونېرى)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىدىن 2014-يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# پەيزاۋات فولكلور مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر

تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

### مۇقەددىمە

پەيزاۋات دۇنياغا مەشھۇر بۈيۈك يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولى بويىغا جايلاشقان مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا، ئالاھىدە ئىقلىم شارائىتقا ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىق، پاختا ۋە ئاز ئۇچرايدىغان جەننەت مېۋىسى دەپ قارىلىپ ئەزىزلىنىدىغان قوغۇن، ئۆرۈك، قارىئۆرۈك، غەينۇيلا، چىلان قاتارلىق مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ھەقىقىي ماكانى، نامى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭ كەتكەن، مول مەدەنىيەت ئىزنالىرى ساقلانغان، ئۆزگىچە فولكلور مەدەنىيىتىگە تويۇنغان، ھەقىقىي ئىسمى - جىسمىغا ماس كەلگەن «پەيزى، گۈزەل، ئاۋات» بىر ماكان.

پەيزاۋات ناھىيەسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى دۆلىتىنىڭ يېرى بولغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى(سۇللاغ) ئېلىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان، قاراخانىلاردىكى 15 مەشھۇر شەھەرنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇ يەرگە بەگ قويۇلغان. ياركەنت — سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ھاكىم قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن كاشغەر دوتەي مەھكىمىسگە قارىغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 28 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى) كاشغەر دوتەي مەھكىمىسى يېڭىشەھەر ئايمىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ناھىيە قىلىنغان.

قوچۇدىن تېپىلغان مانى دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەردە «قاشۇ» كاشغەر ئەتراپىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى دېيىلگەن. ئېھتىمال پەيزاۋاتنىڭ تارىختىكى نامى «قاشۇ» بولسا كېرەك①. يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار پەيزاۋات قەدىمدە «قاش» دەپ ئاتالغان، بۇ نام خەنزۇچىدە «جياشى» ( 伽师 ) دەپ ساقلىنىپ قالغان. «جياشى — قاش» دىگەن ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر»② دەپ قارىماقتا.

قاش توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «قاش» سۆزنى «كۆز ئۈستىدىكى قاش»، «قىرغاق»، «قاشتېشى» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «قاش» سۆزنى... «دەريا بويى» دەپ چۈشىنىش كېرەك. چۈنكى پەيزاۋات قىزىل دەريا بويىغا جايلاشقاچقا «دەريا بويى» دېگەن نام شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ③.

«پەيزاۋات» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن قول يازما

«پەيزۇللا بەگنىڭ تەرجىمھالى» («زىكرى پەيزۇللا بەگ»)دە بايان قىلىنىشچە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانلىرىدىن تابغاچ ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد بۇغرا قاراخان زامانىسىدا (مىلادى 1105 ـ، 1128 ـ يىللىرىدا) ئوردا مىرزىلىرىنىڭ باشلىقى هارۇن بەگنىڭ پەيزۇللا ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىكەن. بۇ بەگزادە ئېلى ئىسىملىك يەنە بىر شاھزادە بىلەن شىكارغا چىقىپ هازىرقى پەيزاۋات ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قىزىلسۇ، قوشئاۋات، غولتوغراق قاتارلىق يېزىلار ئورۇنلاشقان كەلك ۋادىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار يېڭى مەھەللە دېگەن يەردە كۆسەنباي ئىسىملىك بىر مەھەللە ئاقساقلى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ئۇزۇن هېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ، پەيزۇللا بەگزادە ئوردىغا قايتىپ دادىسىدىن مۇشۇ يېڭى مەھەللە ئەتراپىنى قوغۇنلۇق قىلىپ چىقىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. شاھزادە ئېلىمۇ بۇ ئەتراپتىكى ئوتلاقلار، ئورمانلىقلار، مەھەللە توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ. كېيىن مىرزا هارۇن بەگنىڭ تىلىكى ئارقىسىدا خان يارلىق چۈشۈرۈپ، يېڭى مەھەللە ئەتراپىتىن بىر بەگلىك يەر قىپتۇ. پەيزۇللا بەگ تۇنجى بولۇپ شۇ يەرگە بەگ بولۇپتۇ، يىپەك يولى بويىغا سېلىنغان «كارۋان ساراي» دېگەن ئۆتەڭ پەيزۇللا بەگنىڭ بەگلىك هويلىسى بار يەرگە جايلاشقان بولغاچقا، ئۇ يەردە بارا ـ بارا چوڭ بازار پەيدا بولۇپتۇ، مانا شۇ بازارنى سودىگەرلەر «پەيزۇللانىڭ ئاۋۇتى» دەپ ئاتاپتۇ، كېيىن بۇ نام قىسقىراپ «پەيزۇلئاباد» دېيىلىدىغان بوپتۇ④.

دېمەك «پەيزاۋات» دېگەن نام قاراخانىلار دەۋرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، «پەيز ئاباد» دېگەن سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ «پەيزى بار، ئاۋات يەر» دېگەن مەنىدە، چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە هۆججەتلەردە «پەيزاۋات» (牌租阿巴特) دەپ يېزىلغان. 1902 ـ يىلى ناھىيە تەشكىل قىلىنغاندا خەنزۇ تىلىدا «جياشى 伽师» (قاش) دەپ ئاتالغان.

مەن تۆۋەندە پەيزاۋات ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچى.

**بىرىنچى، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر**

1) پەيزاۋات شەربەت نېنى (شەۋەت نان) — پەيزاۋاتنىڭ قىزىلبۇيا يېزىسى مەركەز قىلىنغان ھالدا پەيزاۋات، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، غولتوغراق يېزىلىرىغا كەلك تارقالغان، بۇغداي ئۇنى پەيزاۋاتقا كەلك ئومۇملاشقان نان، جىگدە شەربىتى بىلەن تەييارلىنىدىغان مەززىلىك، پۇراقلىق، ئېسىل نان بولۇپ، ئۇ قىزىلبۇيىدىن ئەتراپتىكى خان ئېرىق ۋە يوپۇرغىلارغىمۇ تارقالغان، قىزىلبۇيىدىن شەربەت نان بىلەن داڭ چىقارغان ئاباخان ئۇستام، زۇنۇن مۇرات، روزى ناۋاي، ھىمىت ناۋاي قاتارلىقلار ئۆتكەن.

2) پەيزاۋات گىردىسى ۋە شىرمان نېنى — پەيزاۋات گىردىسى ۋە شىرمان نېنىمۇ ئۆزگىچە خۇرۇچلىرى، تەمى، كۆركەملىكى بىلەن يىراق ـ يېقىندا داڭقى بار. ئۇ پەيزاۋاتنى مەركەز قىلىپ تاكى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېڭەيگەن. 2001 ـ يىلى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە «پەيزاۋات جامباز نېنى» پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن شىرمان نان كەلك كۆرگەزمە ئەھلىنى ئۆزىگە قاراتقان. شۇ يىلقى يەرمەنكىگە قاتناشتۇرۇلغان ناندىن تۆت دانىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فولكلور مۇزېيىدا ساقلاشقا ئېلىپ قېلىنغان.

3) پەيزاۋات پېتىر مانتىسى ۋە ئاش مانتىسى — پەيزاۋات قىزىلبۇيا يېزىسى شىنجاڭدىكى پېتىر مانتا، ئاش مانتا ماكانى دېسەك ھەرگىزمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ. پەيزاۋات پېتىر مانتىسى ۋە ئاش مانتىسى تەبىئىي يېمەكلىكلەر بىلەن بېقىلغان توپاق، قوي گۆشلىرىنى ھەمدە پىياز، تۇز، سۇ، قارىمۇچ قاتارلىق ماتېرىياللارنى خۇرۇچ قىلىدۇ. نەق مەيداندا توپاق گۆشىنى، قوينىڭ پەش گۆش ۋە قۇيرۇق مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ توغرىۋالىدۇ ۋە پىيازنى بولسا چانىماي شىلىپ توغراپ قىيما قىلىۋالىدۇ، نېپىز ئېچىلغان جىلتا بىلەن ئۇدۇللۇق تۆگۈپ ئۇدۇللۇق قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ تەمى، پۇرىقى، كۆرۈنۈشى تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ تەبىئىي ھالدا كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى تارتىدۇ. پەيزاۋات پېتىر مانتىسى ۋە ئاش مانتىسىنىڭ نامى پەيزاۋات، قەشقەر، ئۈرۈمچى شەھەرلەردىمۇ ھېلىمۇ ھەم مەشھۇردۇر. پەيزاۋات قىزىلبويىدىن ۋە باشقا يېزىلاردىن مەشھۇر مانتىچى ئۇستاملار يېتىشىپ چىققان، ئۇلاردىن بىزگە ئىسمى شەرىپى مەلۇم بولغانلار قىزىلبويا يېزىسىدىن: راخمان ئۇستام، ئابلىز راخمان ئۇستام، موللا سايىت راخمان ھاجىم، مامۇت ھاجىم، ئەھەد قارى، مىجىت قارى، تۇرسۇنبەگ، روزى ئۆردەك، ھېمىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



روزى، يۈسۈپ روزى، هوشۇر روزى، قادىر هاجى، مەمەتتۇرسۇن. مشا يېزىسىدىن: ئابدۇغوپۇر ئۇستام، غولتوغراق يېزىسىدىن ئەخەت قارى، مەخسۇم، قاسىم موللا، زۇنۇن ئۇستام، تۇرسۇن زۇنۇن ئۇستام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4) پەيزاۋات قوغۇن هالۋىسى ــ پەيزاۋات دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولغان قوغۇن ماكانى، پەيزاۋاتلىقلار ئۆزىنىڭ بۇ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، قوغۇننى خۇرۇچ قىلىپ، ئۆزگىچە تەمدىكى قوغۇن هالۋىسىنى ئىختىرا قىلغان. ئۇ ئادەتتە مۇنداق تەييارلىنىدۇ: تازا پىشقان بېشەكشىرىن، كۆك بەرە قوغۇننىڭ ئېتىنى پىچاق بىلەن قىرىپ چىقارغاندىن كېيىن، داكىغا ئوراپ سىقىپ سۈيى ئايرىلىۋېلىنىپ قازاندا قاينىتىش بىلەن ئازراق بۇغداي ئۇنى چېچىپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ، ئۇنىڭ تەمى تاتلىق، يېيىشلىك هەم سىڭىشلىك بولۇپ ئادەم بەدىنىگە قۇۋۋەت بولىدۇ.

5) پەيزاۋات قايماقلىق هور نېنى ــ بۇ پەيزاۋات ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىغا ئالاهىدە راسلايدىغان ئېسىل تائاملىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇغداي ئۇنى، قايماق، يۇمغاقسۈت، پىياز غولى، ئاقمۇچ، تۇز ئىشلىتىلىدۇ. بولدۇرۇلغان ياكى پېتىر خېمىرنى زۇۋۇلا قىلىپ، نوغۇچ بىلەن نېپىز يېيىپ قايماقنى تەكشى سۈرتۈپ، تۈرمەللەپ پىلتە قىلىپ، پىلتىنى مايلانغان قاسقان ياكى جىمبىلگە سېلىپ 20 مىنۇت دۈملەپ پىشۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن ياكى كېسىپ لېگەنگە تىزىمىز. بۇ تاماقنىڭ كۆرۈنۈشى ئالاهىدە، خېمىرى يۇپقا، قات ـ قېتىغا قايماق سىڭىپ، يۇمغاقسۈت، پىياز هىدى پۇراپ تۇرغۇچقا، مەزىلىك، لەززەتلىك تېتىيدۇ، ئۇ ئالاهىدە قۇۋۋەتلىك تائام هېسابلىنىدۇ.

**ئىككىنچى، باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر**

پەيزاۋاتلىقلار خۇددى باشقا يۇرتلۇقلارغا ئوخشاش ئەلمساقتىن تارتىپ باغۋەنچىلىككە ئالاهىدە هېرىسمەن بولۇپ، ئۆزگىچە تەمدىكى قوغۇن، ئۆرۈك، قارىئۆرۈك، غەنۇيلا، ئۈزۈم، ئامۇت، ئالما، يىمىش، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەرنى كۆپلەپ تېرىپ ۋە بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئەنئەنىسىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ ئۇيغۇر باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

1) پەيزاۋات قوغۇن مەدەنىيىتى

ئېتىم قوغۇن، نامىم ئۇلۇغ،
ئىچىمدە لىق شەربەت تولۇق،
مەندە تولا لەززەت ـ هۇزۇر،
جامالىم بار ئەجەب پۇزۇر.

«شەكەرىستان» داستانىدىن

قوغۇن شىنجاڭنىڭ ئەڭ داڭلىق مېۋىلىرىدىن بىرى هېسابلىنىدۇ. قوغۇننىڭ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناهايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلاردا ئالاقىدار ماددىي پاكىتلار تېپىلدى.

1973 ـ، 1977 ـ يىللىرى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى 211 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تالڭ دەۋرىگە تەۋە قۇرۇپ كەتكەن قوغۇن شاپىقى تېپىلدى. 1959 ـ يىلى مارالبېشى ناهىيەسىدىكى توققۇز ساراي خارابىسىدىن قوغۇن ئۇرۇقلىرى تېپىلدى. مەزكۇر قەدىمكى شەهەر خارابىسىدىن يادىكارلىقلار تېپىلدى، پىچان ناهىيەسىدىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قوغۇن ئۇرۇقلىرى هازىر شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ ⑤.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: « قاغۇن–qaghun قوغۇن» (1 ـ توم، 532 ـ بەت) «خجوناك hochunek (خوچۇنەك)؛ قوغۇننىڭ بىر خىلى، خۇش پۇراق، چىپار قوغۇن» (1 ـ توم، 635 ـ بەت) دېگەن خاتىرىلەرنى پۈتۈپ، قوغۇننىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن. «مىراس» ژۇرنىلى 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «قەشقەر تېكىستلىرى. مېۋىلەرنىڭ بايانى»دا «چىلگە قاۋغۇن، شەكەر سۈيى قاۋغۇن، بېشەكشېرىن قاۋغۇن، قارا قاۋغۇن، كۆكچى قاۋغۇن» ناملىرى تىلغا ئېلىنغان.

18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر ئىسمائىل مەھزۇن «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق داستانىدا خوتەندە تېرىلىدىغان 27 خىل قوغۇننىڭ نامىنى تىلغا ئالغان.

پەيزاۋات ئەزەلدىن قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشتا داڭ چىقىرىپ كەلگەن، تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردىلا، پەيزاۋات قوغۇنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە داڭ چىقارغان) ⑥.

پەيزاۋات قوغۇننىڭ تەملىك بولۇشىدىكى ئاساسىي

سەۋەبلەر بۇ جاينىڭ تۇپراق، سۇ، كىلىمات شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ جاي قۇرغاق، يامغۇرى ئاز، كۈن نۇرى يېتەرلىك، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، تۇپراقنىڭ تېز ئۇنۇملۇك كالىي تەركىبى ئىنتايىن مول بولۇپ شېكەر تەركىبىنىڭ توپلىنىشىغا پايدىلىق، پەيزاۋات قوغۇنىنىڭ شېكەر تەركىبى ئادەتتە 12% تىن 17% گىچە، ئەڭ يۇقىرىسى 19% كە يېتىدۇ.

پەيزاۋات قوغۇنىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك سورتلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار پەن تەتقىقات تارماقلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 1964 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەيزاۋات ناھىيەسىدە نۇقتا بېكىتىپ، 22 سورتنى قايتا تەكشۈرۈپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە سورتنى شىنجاڭ بويىچە كېڭەيتىدىغان ئەلا سورت قاتارىغا كىرگۈزدى. 1965 - يىلى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى ئورنى بىرلىشىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، پەيزاۋاتنى ھەقىقەتەن قوغۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان داڭلىق رايونلارنىڭ بىرى دەپ قارىدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قوغۇن، تاۋۇز بايلىق مەنبەسىنى قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نۇقتىلىق ھالدا قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان 86 نۇقتىسىدىن تاللاپ چىققان 12 ئەلا سورت ئىچىدە پەيزاۋاتنىڭ سورتى بەشنى ئىگىلىدى.

1984 - يىلى قوغۇنىنىڭ سورتى 35 كە يەتتى. بۇلار بالدۇر پىشىدىغىنى، ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغىنى ۋە كېيىن پىشىدىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بالدۇر پىشىدىغان قوغۇن سورتى سەككىز خىل، ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغان قوغۇن سورتى 18 خىل، كېيىن پىشىدىغان قوغۇن سورتى تۆت خىل، كېيىنرەكتە جايلاردىن كىرگۈزۈلگەن ئاق چۈرۈك، تۆمۈر شاپاق، توپ ئوقى قاتارلىق سورتلارمۇ ئوبدان ئوخشىدى⑦.

پەيزاۋات قوغۇنىنىڭ بالدۇر پىشىدىغان سورتلىرى (ياز پەسلى سورتلىرى) — سەمەن چىلگىسى، قەشقەر چىلگىسى، ئالمارەڭ چىلگە، چوڭگۇن باش چىلگە، كۆك چىلگە، چاڭلاشقان چىلگە قاتارلىقلار.

ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغان قوغۇن سورتلىرى (كۈز پەسلى سورتلىرى) — شېكەر سۈيى، ئاق كۆكچى، چاركۆكچى، قوتۇركۆكچى، چارچۈرۈك، ئاغپۇت، پوستپىياز، خامانچى، كۆكتونى (كۆك تونا) بېشەكشىرىن، بوغدايئورۇقى، لىڭگۇ، ئاقچى، شېكەر پىلەك، بەگزادە قارىقاش، قىزىلبويى كۆكچىسى، چاڭلاشما كۆكچى قاتارلىقلار.

كېيىن پىشىدىغان سورتلىرى (قىش پەسلى سورتلىرى — قىشلىق قوغۇنلار) — كۆكپەرى، قارا كۆسەي، تاشقوغۇن، چاڭلاشما كۆكبەرە، تېرىمكۆكچىسى، ئاقئاۋات، ئېتى قىزىل پىسەن، ئېتى كۆك پىسەن، نىل رەڭ پىسەن، ئەنجان قوغۇنى، سوۋېت قوغۇنى، سىم تور قاتارلىقلار⑧.

شائىر، تەتقىقاتچى ئۆمەر ئوسمان شىپائى، 1985 - يىلى ئەتىيازدا پەيزاۋات ناھىيە جامباز يېزىسى ئۆستەڭبويى كەنتى خۇمدان بېشى مەھەللىسىدىكى دىنىي ئۆلىما ئابدۇرەھىم قارىھاجىم ئېيتىپ بەرگەن قوغۇن ھەققىدىكى قوشاقنى رەتلەپ «قوغۇن قوشىقى» نامىدا «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلغان. قوشاقتا پەيزاۋاتتا تېرىلىدىغان قوغۇن نامىلىرى مۇنداق تىلغا ئېلىنغان:

قوغۇن دېگەن ئوتتۇز ئىككى خەمەكتۇر،
ھەرقايسىسىنىڭ ئېتى بۆلەك، بۆلەكتۇر.
ئاق كۆكچى نوچىنىڭ، قوتۇر كۆكچى پوچىنىڭ،
ئاق ناۋات جېنىمنىڭ، شېكەر سۈيى خېنىمنىڭ.
كۆك بەرى ئالىمنىڭ، پىسەن قوغۇن زالىمنىڭ.
مۇكارە ئىنا مەخسۇمنىڭ، بېجىگەن قوغۇن داخاننىڭ،
قارىقاش چىرايلىقنىڭ، چا چۈرۈك شائىرنىڭ.
نا شېكەر سودىگەرنىڭ، خامانچى قوغۇن مەدىكارنىڭ،
چىلگە بەزگەكنىڭ، رەنايى قوغۇن تەزگەكنىڭ.
بېشەكشىرىن قارنى يامانىنىڭ، ۋاشاڭ غالچىنىڭ.
تاۋۇز سىيگەكنىڭ، پوستى پىياز بەزگەكنىڭ،
كاۋا نامراتنىڭ، قوشماق قوغۇن ئاشىقنىڭ.
قاپاق تەلۋىنىڭ، قارا كۆسەي دەللىنىڭ،
تاشكاۋا قوتۇرنىڭ، جويۇز بېخىلنىڭ.
ئاغچا ماراقچىنىڭ، ئالاغىر قاراقچىنىڭ،
ئوينىغۇچ سەبىينىڭ، قارا قوغۇن سېخىينىڭ.
موتۇيى ئۇششۇقنىڭ، جويۇز جاھىلنىڭ.
ئاغا پۇت ئەخمەقنىڭ، خەمەكباش پاخپاقنىڭ.
قىشلىق قوغۇن دەردمەننىڭ، بۇغداي ئورۇقى سۆزمەننىڭ.

بۇ قوشاق پەيزاۋات قوغۇن سورتلىرى ۋە ئۇنىڭ نامىلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قوغۇن مەدەنىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قوغۇن ئۇسسۇزلۇقنى باسقۇچى ئۇزۇقلۇق بولۇپ قالماي شىپالىق دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوغۇننىڭ تەركىبىدە شېكەردىن باشقا يەنە ئاقسىل، ھەر خىل ۋىتامىنلار، تۆمۈر، فوسفور، كالتسىي قاتارلىق ھەر خىل مىنېرال ماددىلار كۆپ، قوغۇننىڭ تەبىئىيتى 1 ـ دەرىجىدە ئىسسىق، 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، ھەزىمنى ياخشىلاش، ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولغان ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، يەل تارقىتىش رولىغا ئىگە. ئۇ كۆپىنچە ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىچى سۈرۈش، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قوغۇن ئۇرۇقى يېغى بولسا ئاشقازان يارىسى، كەم ماغدۇرلۇق، تەمرەتكىنى داۋالاش، قورۇق يوقىتىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنمىغان يەنە بىر قىسىم قوغۇن نامىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا پەيزاۋات قوغۇننىڭ سورتلىرى ـ تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

پەيزاۋاتلىقلار قوغۇننى «بېھىش نېمىتى» (جەننەت مېۋىسى) دەپ قارىغاچقا قوغۇننى يېيىش ۋە ئۇلۇغلاشتا بىر قاتار ئۇدۇمى ئادەتلەر شەكىللەنگەن. ئالدى بىلەن قوغۇننى پاكىز ئېتىپ، قوغۇننىڭ ساپىقنى پىچاق بىلەن يۇملاق قىلىپ كېسىپ ئېلىپ ئاندىن ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ كېسىپ ئېلىپ ئاندىن پىچاقنىڭ بىسىنى تولۇق سۈرتۈپ تازىلاپ بولغاندىن كېيىن تۆت پارچە قىلىپ تاشلىۋېتىدۇ. كونىلاردا قوغۇننىڭ ساپىقنى كېسۋەتمەي تاشلىۋەتسە، «شەيتان غالتەك ئېتىپ مىنىپ ئوينايدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

ئاندىن قوغۇننى ساپىقدىن ئالغان ئوڭ تەرەپتىن ئايلاندۇرۇپ پىچىپ ئىككى كاسا قىلىپ، ئۇرۇقلىرىنى پاكىز ئېلىپ، ھەر بىر كاسىنىڭ تۆت، بەش يېرىگە پىچاق سىلىۋېتىپ ئادەمنىڭ ئېغىزى يەتكۈدەك تىلىملاپ، لېگەنگە رەتلىك تىزىپ تاماق شىرەسى ياكى داستىخانغا قويۇپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاكىز يېيىشىدۇ. قوغۇننى مۇشتلاپ ياكى بولمىسا يەرگە ئۇرۇپ يېرىپ يېيىش، ئۆرە تۇرۇپ قوغۇن يەپ شاپىقنى خالىغان يەرگە تاشلاشنى بەكمۇ يامان كۆرىدۇ. بولۇپمۇ قوغۇن شاپىقىغا سىيىش قاتتىق گۇناھ ھېسابلىنىپ، پۈتۈن ئەزايىغا جاراھەت چىقىپ كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. قوغۇننىڭ شاپىقى ھەم ئۇرۇقىنى قالايمىقان تاشلىمايدۇ، ئەگەر يوللاردا قوغۇن ئۇرۇقى شاپىقى ئۇچراپ قالسا، ئۇنى تېرىپ يۆيۈپ ئۇلاغلارغا توغراپ بېرىدۇ.

پەيزاۋاتلىقلار قىش ـ ياز قوغۇندىن ئايرىلمايدۇ. قىشلىق قوغۇنلارنى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلاش ئۈچۈن قوغۇننى ساپىقدىن ئۈزۈپ پىچاق بىلەن كېسىلىدۇ. ئەگەر ساپىقدىن ئاجراتقاندا، ساپاق ئاجرىغان جاي زېدە بولۇپ، قوغۇندا ئاچچىق تەم پەيدا بولىدۇ. كېسىلگەن قوغۇننى ئورنىدىن مىدىرلاتماي ئۈچ ـ تۆت كۈن كۈن نۇرىدا قويۇپ، قوغۇننى بىرئاز سولاشتۇرۇپ ئاندىن ئۆستىگە ياغاچ تارتىپ، سايە قىلىنغان خامانغا ئاۋايلاپ توشۇلىدۇ. سوغۇق چۈشكۈچە شۇ يەردە ئاپتاپ يېگۈزۈپ، زەمبىلىنىڭ ئۈستىگە پاختىلىق كۆرپە، يۇمشاق سامان ياكى پاخال سېلىپ قوغۇنلارنى بىر ـ بىرىگە تەگكۈزمەي تىزىپ توشۇلىدۇ. قوغۇن ساقلايدىغان ئۆي ھاۋا ئۆتۈشىدىغان، قۇرغاقراق، ئاستىغا قۇم تۆكۈلگەن ئۆي بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى نورمال بولۇشى كېرەك ⑨.

يەنە بىر قىسىملار گەمە كولاپ، گەمنى يېپىپ، ئۈزۈن يېكەنلەرگە قايناق سۇ سېپىپ يۇمشىتىپ، ئۈچ تالالىق چاڭگا ياساپ قوغۇننى ئۇلارغا ئېسىپ ساقلايتتى. يەنە بەزىلەر سەككىز ـ ئون تاغار سامان پاتقۇدەك ئورا كولاپ، سامان سېلىپ، تۆت ـ بەش تاغار بۇغداينى ئورىغا تۆكۈپ، قوغۇننى بىر ـ بىرىگە تەگكۈزمەي تىزىپ، قوغۇن ئۈستىگە بۇغداي چېچىپ، ئۈستىنى بولسا سامان بىلەن يالاڭ چۈمكەيتتى. بۇ قوغۇنلار كېلەر يىلى قوغۇن تېرىغىچە ئىنتايىن ئوبدان ساقلىناتتى ⑩. ھەر خىل قوغۇنلارنىڭ ئۇرۇقىنى شۇ خىل قوغۇننىڭ شاپىقىغا ئېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلايدۇ. بۇ ياندۇرقى يىلدىكى قوغۇن تېرىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى.

پەيزاۋات دېھقانلىرى قوغۇننىڭ قوشنى ھەيدەپ يەرنى تۈزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئېتىز بېشىدا قىشنىچە ساقلىغان سورتلۇق قوغۇننى پىچىپ ھۆزۈرلىنىپ يەپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى يېڭى پىتى تېرىيدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان.

پەيزاۋات قوغۇنى ئۆزىنىڭ ئەلا سورتى، قەنت تەركىبىنىڭ يۇقىرىلىقى، تاتلىق، چۈرۈكلۈكى، ئەتلىكلىكى بىلەن 2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئالاھىدە مەھسۇلاتلار كومىتېتى،

جوڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى كۆرستىش تەشۋىق پائالىيىتى تەشكىلىي ھەيئىتى پەيزاۋات ناھىيەسىگە «جوڭگو پەيزاۋات قوغۇنى ماكانى»، «جوڭگو قوغۇن شاھى»، «غەربتىكى ئېسىل مەھسۇلات» دەپ نام بەرگەن. 2005 ـ يىلى پەيزاۋات قوغۇنى دۆلەتلىك سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىسى قوغدىلىدىغان مەھسۇلات ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشتى. 2008 ـ يىلى «شاھەنشاھ» ماركىلىق پەيزاۋات قوغۇنى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى، مېيىپلەر ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ئالاھىدە تەمىنلەنىدىغان مېۋە ـ چېۋە قىلىپ بېكىتىلدى. 2009 ـ يىلى «شاھەنشاھ» ماركىلىق پەيزاۋات قوغۇنى «جوڭگودىكى تەسىر كۈچىگە ئىگە ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ مەھسۇلات ماركىسى» قىلىپ باھالاندى. 2010 ـ يىلى پەيزاۋات قوغۇنى گۇاڭجۇ ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا تاللاندى. پەيزاۋات قوغۇنى شياڭگاڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن، بېيجىڭ قاتارلىق رايون، شەھەرلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە سېتىلىپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە.

دېمەك، پەيزاۋات قوغۇن مەدەنىيىتىنى ياراتقان خەلق، ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى مىنىڭچە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يېتىش مۇمكىن.

(1) پەيزاۋات قوغۇنى ئەلا سورتلۇق، تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مېۋە ـ چېۋە ماكانى بولغان شىنجاڭدىلا ئەمەس بەلكى جوڭگودىمۇ 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

18 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر ئىسمائىل مەھزۇننىڭ «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق مەسنەۋىسىدە، ئەينى دەۋردە خوتەندە تېرىلىدىغان كۆك ناۋات، كۆك تۇرنا، سەۋزە نازۇك، ئاق تۇرنا، ئاقچى، بەشەكشېرىن، خامانچى... «شكەر سۈيى، رەئنائى» قاتارلىق 27 خىل قوغۇننىڭ نامنى تىلغا ئالغان⑪.

مەشھۇر رەسسام، پىروفېسسور غازى ئەھمەدنىڭ «قەشقەر قوغۇنى» ناملىق ئەسلىمىسىدە قورغان، بەشكېرىم ۋە سەمەن يېزىلىرىدا تېرىلىدىغان چىلگە، شېكەرشۇن، جاكۆكچى، ئاقچى، پوستپياز، سەبزە نازۇك، كۆكچى، ئاق كۆكچى، بىشەكشۇن، چوڭ چىلگە، شېكەر پىلەك، چار چۈرۈك، تۇرنا، چۈگۈنباش، قارا كۆكچى، بەگزادە، ھامۇت قازى، قاراقاش، كۆك بەرى، يوپۇرغا تېرىم كۆكچىسى، يوپۇرغا كۆك بەرىسى قاتارلىق 21 خىل قوغۇن تۈرىنى تىلغا ئالغان⑫.

«قەشقەر يىلنامىسى 1985» دا 1984 ـ يىللىرى پەيزاۋات قوغۇنىنىڭ سورتىنىڭ 35 كە يەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان⑬ بولسا، ئابدۇكېرىم تۇردى يازغان «پەيزاۋات قوغۇنى» ناملىق ماقالىسىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن 35 خىل قوغۇن تۈرى تىلغا ئېلىنغان⑭.

(2) پەيزاۋات قوغۇنى ئەتلىك، چۈرۈك، سۇلۇق، شېكەر تەركىبىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەم شەكلىنىڭ رەڭگارەڭ گۈزەللىكى بىلەنمۇ ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا ماس كەلگەن «جوڭگو قوغۇن شاھى»، «غەربتىكى ئېسىل مەھسۇلات»تۇر.

(3) پەيزاۋات خەلقى قوغۇن خۇمار خەلق، ئۆزىنى پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەن «غەربنىڭ ئېسىل مەھسۇلاتى» بولغان قوغۇننى «بېھىش مېۋىسى»، «شىپالىق مېۋە» دەپ تولىمۇ ئەتىۋارلاپ، ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. قوغۇن ئىستېمال قىلىشتا ئۆزىگە خاس ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. قوغۇندىن قوغۇن ھالۋىسى قىلىپ ئەزىز مېھمانلارغا سۇنىدۇ. قوغۇن قېقى تەييارلايدۇ ھەم قوغۇن ئۇرۇقىدىن ياغ تارتىپ ئىستېمال قىلىدۇ ھەم قوغۇن شاپىقى بىلەن ئۇلاغلارنى بوردايدۇ.

(4) پەيزاۋات خەلقى قوغۇن ساقلاشقا ماھىر خەلق. پەيزاۋاتلىقلار قوغۇننى ئەتىۋارلايدىغان خەلق بولغاچقا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قوغۇن يېيىش، ئېشىنغانلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن قوغۇننى ئۆيدە، گەمىدە، بوغداي ئورنىدا ساقلاشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان.

(5) پەيزاۋات ــ «جوڭگو پەيزاۋات قوغۇن ماكانى» بولغاچقا، بۇ يۇرتنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلىرىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد قوغۇنچىلىق بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغان ماھىر ئۇستا قوغۇنچىلار كۆپ بولغاچقا، قوغۇننى كەسپىي لەقەم قىلغان كىشىلەر نىسبەتەن كۆپ. مەسىلەن، ئىسلام قوغۇنچى، (ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى داموللا ئابدۇرېشت ئىسلامىنىڭ دادىسى، شاپتۇل يېزىسىدىن) بەختى قوغۇن (قىزىلسۇ يېزىسىدىن) توختى قوغۇن (قىزىلسۇ يېزىسىدىن) ھەسەن سۆرەم (2 ـ ئەۋلاد قوغۇنچى)، ئەمەت سۆرەم (3 ـ ئەۋلاد)، قارى سۆرەم قوغۇنچى (4 ـ ئەۋلاد، بۇلار ئۆردەكلىك يېزىسىدىن) ئوسمان قوغۇن (غولتوغراق يېزىسىدىن)، ساۋى قوغۇنچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(قوشئاۋات يېزىسىدىن).

شۇنداقلا يەنە قوغۇن مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوغۇنلۇق مەھەللىسى (گۈللۈك يېزا خانىقا كەنتىدە) دېگەن يەر نامى ۋە قوغۇن بازىرى بار.

(6) پەيزاۋات خەلقى ئارىسىدا قوغۇن تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى قوغۇن ھەققىدىكى قوشاق ۋە ماقال-تەمسىللەر تارقالغان. مەسىلەن، شائىر ئۆمەر ئوسمان شىپائى 1985-يىلى جامباز يېزىسى ئۆستەڭ بويى كەنتى خۇمدان بېشى مەھەللىسىدىكى دىنىي ئۆلىما ئابدۇرېھىم قارىھاجىم ئاغزىدىن خاتىرىلەپ رەتلەپ ئېلان قىلغان «قوغۇن قوشىقى» ۋە «قوغۇن يېسەڭ سەھەر يە، بولمىسا زەھەر يە»، «قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس»، «قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۈزۈن پېلەكتە، چىشنىڭ ئوبدىنى تۆۋەن ئېڭەكتە»، «قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، خام-پىششىقنى تاللىماس» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر پەيزاۋات قوغۇن مەدەنىيىتى ۋە قوغۇن ماكانىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكۈچى نەمۇنىلەركى خالاس.

2) پەيزاۋات — قارىئۆرۈكى ۋە ئۆرۈكى

قارىئۆرۈك — ئەتىر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقان ياكى كىچىك دەرەخ. ئۇنىڭ مېۋىسى ئۇچكىلىك، شار شەكلىدە بولۇپ، غورا ۋاقتىدىكى يېشىل، پىشقان ۋاقتىدىكىسى قارا كېلىدۇ. تەمى چۈچۈمەل، ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا ھەم دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. خوتەننىڭ لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەبرىستانلىقى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تېپىلغان قارىئۆرۈك ئەۋرىشكىسىگە ئاساسلانغاندا، قارىئۆرۈك بۇنىڭدىن 2000 يىلغا يېقىن دەۋرلەر ئەتراپىدا شىنجاڭ تەۋەسىدە ئۆستۈرۈلگەن بولسا كېرەك⑮.

پەيزاۋات قارىئۆرۈكى ئاچچىق-چۈچۈك، ئەتلىك، چوڭ، رەڭگى پارقىراق، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى، تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ داڭ چىقارغان بولغاچقا، 2001-يىل 1-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئالاھىدە مەھسۇلات ئىگىلىكى كەسىپ كومىتېتى، جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ماكانىنى كۆرسىتىش تەشۋىقات پائالىيىتى تەشكىللىي ھەيئىتى پەيزاۋات ناھىيەسىگە «جۇڭگو قارىئۆرۈك ماكانى» مەملىكەت بويىچە داڭلىق «جەننەتنىڭ دورىلىق مېۋىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن⑯.

شىنجاڭدا ئۆرۈك كېيىن دېگەندىمۇ خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئۆستۈرۈلگەن. 1959-يىلدىن بۇيان قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتا، خەن-جىن دەۋرلىرىگە تەۋە ئۆرۈك ئۇچكىسى بىلەن ئۆرۈك كۆچەتلىرى تېپىلدى⑰.

ئۆرۈك — پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ سورتى كۆپ، تەمى تاتلىق، يېپىشلىك، كۆلىمى نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، ھەر يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بازارغا كىرىپ ئۈرۈمچى ئۆرۈك بازىرىنىڭ 95% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ پەيزاۋات دېھقانلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى، شۇنداقلا پەيزاۋات كۆلىمىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بازىرى ياخشى. شۇ سەۋەبلىك 2001-يىل 1-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئالاھىدە مەھسۇلات ئىگىلىكى كەسىپ كومىتېتى، جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، ماكانىنى كۆرسىتىش تەشۋىق پائالىيىتى تەشكىللىي ھەيئىتى پەيزاۋات ناھىيەسىگە «جۇڭگو ئۆرۈك ماكانى» دەپ نام بېرىشنى تەستىقلىدى⑱.

### ئۈچىنچى، قول ھۈنەر-سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىكلەر

پەيزاۋات خەلقى قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە خام-ماتاچىلىق، بوياقچىلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، سەرراپچىلىق، جۇۋازچىلىق، تامچىلىق، جۇۋا-تۇماقچىلىق، دوپپىچىلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، سوپۇنچىلىق، سېۋەتچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەر كەسىپلىرىگە ھېرىسمەن، ماھىر بولۇپ، بۇ كەسىپلەرنى ئەۋلادتىن ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر قول ھۈنەر-سەنئىتىگە تۆۋەندىكىدەك خاس مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان.

1) پەيزاۋات — خام-ماتاچىلىق ماكانى

«خام» بەزى جايلاردا «ماتا»، «بۆز»، «شىشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خام توقۇيدىغانلار — «باپكار» دەپ، ئايرىم جايلاردا بولسا «بۆزچى»، «ماتا پۇرۇچ» ياكى «خالۋاپ» دەپمۇ قوللىنىدۇ.

خام — قولدا ئېگىرىلگەن پاختا يىپىدىن قولدا توقۇلىدىغان، ئاق رەڭلىك، سىيدام، بىر خىل يەرلىك رەخت. خامنىڭ ھەممىسى ئاق رەڭدە توقۇلىدۇ. ئۇنى بويىغاندىن كېيىن ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ. بوياق ئۈستىگە گۈل بېسىپ چىقارغاندىن كېيىن «گۈللۈك خام» بولىدۇ. خام ئادەتتە — يۇپقا خام، ئۆشتە چوتا خام، قېلىن خام دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ ئادەتتە يىپ ئېگىرىش، ئۆرۈش، يۆگەش، ئۆرۈش پاتلاش، ئۆرۈشنى دۇكانغا

تارتىش، گۈلا ئۇلاش، ئاقاق يىپ تەييارلاش ۋە توقۇشتىن ئىبارەت يەتتە تۈرلۈك ئىش تەرتىپىدىن ئۆتۈپ ئاندىن تەييار بولىدۇ. خام — كېيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە قىلىش، شەھەرلەردە بوياپ سېتىش، زاۋۇت، ھەربىي قىسىملاردا ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئوراپ قاچىلاش، سۈرتۈش، تېبابەتچىلىكتە سىر ئوقلارنى تېڭىش، نېفىتلىك ۋە ئىشخانىلاردا كەم بولسا بولمايدىغان زىيانسىز، يۇمشاق تەبىئىي رەخت.

پەيزاۋات ناھىيەسىدە باپكارچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن سەل كەم 1000 يىللار بۇرۇنلا پەيدا بولغان، بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن (بۇ 1996 - يىلدىكى مەلۇمات) پەيزاۋات ناھىيە تەۋەسىدىكى باپكارلىق قىلىدىغان ئائىلەرنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 45% نى ئىگىلىگەن⑱. پەيزاۋات ئەينى چاغدا كاشغەرنىڭ ئەڭ چوڭ ماتاچىلىق مەركىزى بولۇپ، پەيزاۋات ماتالىرى رۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىنغان.

رۇسىيەلىك مەشھۇر كېڭەيمىچى ئا. ن. كوروپاتكىن 1876 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پەيزاۋاتتىكى بىر باپكارچىلىق كارخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

«پەيزاۋاتنىڭ ئاھالىسى باپكارچىلىق قىلىش بىلەن بىللە يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلار بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە باشتىن - ئاخىر مۇشۇ كەسىپلەر بىلەن بەند ئىكەن. بۇ يەردە ئەر باپكارچىلىق قىلسا، ئاياللار يىپ ئېگىرىدىكەن. بىز زىيارەت قىلغان دەستىگاھلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قازناققا ئوخشايدىغان پاكار - پاكار كىچىك ھۇجرىلارغا جايلاشتۇرۇلغانىكەن. مۇشۇنداق ئۆيلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئىككى ياكى ئۈچتىن باپكارچىلىق دەستىگاھى بار ئىكەن»، «بازار كۈنلىرى ئۇلار ئۆزلىرى بىر ھەپتە ئىچىدە توقۇغان ماللىرىنى شەھەردىن كەلگەن خېرىدارلارغا ساتىدىكەن»⑳، «بىر باپكار كۈنىگە تۆت تەپكە (توپ) ماتا، ھەپتىسىگە جەمئىي 20 تەپكە ماتا توقۇيدىكەن»㉑، «بۇ يەردە ھەر بىر باپكار ئۆز ئالدىغا بىردىن دۇكان قۇرۇپ ماتا توقۇيدىكەن، ئىككى ياكى ئۈچ دۇكان قۇرۇپ، ئادەم ياللاپ ئىشلىتىدىغان باپكارلارمۇ بار ئىكەن»㉒. «رۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىنىۋاتقان پەيزاۋات، خانئېرىق ماتالىرىنىڭ سانى ئومۇمەن ئوخشاش»㉓.

«كىشىلەر پەيزاۋاتتا توقۇلغان بۆز رەختلەردىن نىل بوياق ۋە سەندەل قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرى بىلەن كۆك قىلىپ بوياپ چىقىدىكەن، بۇ بوز رەختلەر يەرلىك ئاھالىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ قالماستىن، بەلكى سىرتقىمۇ ئېكسپورت قىلىنىدىكەن»㉔.

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسى قۇمئېرىق كەنتىدە 1895 -، 1896 - يىللىرى ئەتراپىدا باپكارلىق ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئۇستا باپكار دەپ نام ئالغان غازى ئۇستامنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىغا قارىغاندا،ئۇ ھەر ھەپتىسىگە 20 خام توقۇيدىكەن. پەيزاۋاتنىڭ خام بازىرىدا ھەر دۈشەنبە كۈنى 15 مىڭدىن 20 مىڭغىچە خام سودا بولىدىكەن. پەيزاۋات خام بازىرىغا كىرگەن خاملارنىڭ تولىسىنى شاپتۇللۇق قادىر شەيتان دېگەن سودىگەر سېتىۋېلىپ، توپ يۆتكەپ، قەشقەر، ئەنجان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ھەم ئىچكىرىگە چىقىرىدىكەن. پەيزاۋات خام بازىرىغا كىرىدىغان خاملارنىڭ كۆپ قىسمى قىزىلبويى، شاپتۇل، ئەگىتېرەك، قۇمئېرىق، تېرىم، قوشئاۋاتتىن كېلەتتى. قۇمئېرىق دېگەن مۇشۇ بىر كەنتلا 40، 50 ئۇستا باپكار چىققانلىقى مەلۇم㉕.

1976 - يىللاردىن تاكى 1995 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە پەيزاۋات قىزىلبويى يېزىسىدىن چىققان يۇرتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرىدىن شىنجاڭدىكى مىللىي كارخانىچىلار، تىجارەتچىلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كېلىۋاتقان توختىھاجى ئابلىز، زۇنۇن زەيدىن ھاجىم، ئابلىز تۇرسۇن ھاجىم، ئوبۇل زۇنۇن، ئوبۇل ئەيسا ھاجىم، مەمەتتۇرسۇن قادىرھاجىم، قارى غوپۇر، يولۋاس ئاباھاجىم، ئوبۇل ئابلىز ھاجىم، ئوبۇل قاراجىم... قاتارلىقلار خام - ماتاچىلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ پەيزاۋات خاملىرىنىڭ سىرتقا سېتىپ چىقىرىلىشىدا چوڭ روللارنى ئوينىغان ۋە ئالدىن بېيىغان.

پەيزاۋاتتىن ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان غازى ئۇستام (يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن) ئابدۇقادىر غازى ئۇستام (1895 -، 1896 - يىللىرى قۇمئېرىقتا 50 يىل باپكارلىق بىلەن شۇغۇللانغان باپكار غازى ئۇستام ئائىلىسىدە تۇغۇلغان)، قادىر بوياق (يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن)، بۇرادىن بوياق (يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن)، قىزىلبويى يېزا جۇۋىچى كەنتىدىن 1938 - يىلى تۇغۇلۇپ، 14 يېشىدىن باشلاپ خام توقۇشنى ئۆگەنگەن، 4 - ئەۋلاد باپكار بولغان، 2009 - يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت مىراس ۋارىسى»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دېگەن شەرەپلىك نامغا نائىل بولغان، تۇرسۇن مۇساغا ئوخشاش مەشھۇر باپكارلار يېتىشىپ چىققان پەخىرلىك ئانا يۇرت.

2) پەيزاۋات تۇمىقى (ئاق تۇماق) ـــ بۇ ئاساسەن پەيزاۋات ناھىيەسىدە ئومۇملىشىپ، ئۇنىڭدىن قالسا مارالبېشى، يوپۇرغا، يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلارغىمۇ تارقالغان. ئاق تۇماق قويىنىڭ تېرىسىنى ئاشلاپ، يۇمشاق ئەيلەپ ئاقارتىپ، موينى قىرقىپ ئەندىز بىلەن تۆت كالا قىلىپ راسلاپ، موينى ئىچىگە، ئەيلەنگەن ئاق تەرىپى سىرتىغا قىلىپ تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىگە بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئاق پاقلان تېرىسىدىن گىرۋەك قىلىنىدۇ. بۇنداق ئاق گىرۋەك قارا كۆرپىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ، جۇلالاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. تۇماقنىڭ تالالىرى ئىچىگە پۇكۇپ تىكىلىدۇ. تىكىلگەن چاكنىڭ ئىككى يېنىنى چىشلەپ قىر چىقىرىپ، قاپارتما سىزىق ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ قاپارتما تۇماققا باشقىچە زىننەت ئاتا قىلىدىغان بولۇپ، تۇماق كونىراپ يىرتىلىپ كەتكۈچە بۇ زىننەت سىزىقلىرى يوقىلىپ كەتمەيدۇ㉖.

پەيزاۋاتنىڭ ئاق تۇمىقى ئەينى يىللاردا داڭلىق ماركا بولۇپ قەشقەر شەھىرى ئىچىدىمۇ بەزىلەر ئارزۇلاپ كەيەتتى. تۇماق چوڭقۇر بولغاچقا تۇماقنى كىيگەن كىشى راھەت ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ھاۋا سوغۇق بولسا تۇماقنى باشقا چۆكۈرۈپ، ئىككى قۇلاقنى باستۇرۇپ كىيسە بولىدۇ. ھاۋا ئىسسىق بولسا تۇماقنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ياكى يان تەرىپىنى قىستۇرۇپ كىيىدۇ. ئاق تۇماقنىڭ يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل پەيزاۋات ناھىيەسىدە مودا بولغانىدى. ناھىيەنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان بارلىق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئاق تۇماق كىيىش ئادەتكە ئايلانغانىدى㉗.

3. پەيزاۋات ھارۋىسى ـــ بۇ ئومۇمي جەھەتتىن يارىيار ھارۋا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ سېرىق سۆگەت بادراسىنى يېرىم چەمبەر شەكلىدە تۇغاچ قىلىپ، ئىككى پارچىنى قوش شادا ئارقىلىق قىسىپ ئۇلاپ چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. ھارۋا شادىسى سېرىق سۆگەت بادراسىدىن، كودىسى بولسا توغراق ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. كودا شادا ئارقىلىق چاق بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. شوتىسى تېرەك ياغىچىدىن ئىنتايىن چىرايلىق نەپىس ياسىلىدۇ. بۇ ھارۋىنى سەپەردىمۇ، ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئات، كالا، ئېشەك قوشۇلىدۇ. بۇ ھارۋا پەيزاۋاتتا كەڭ ئومۇملاشقان بولغاچقا مەنبەلەردە ئۇنى پەيزاۋات ھارۋىسى دەپمۇ ئاتىغان.

4. قىزىلبويى سوپۇنى ـــ بۇ كالا يېغىغا ئىش قوشۇپ ھور نان شەكلىدە ياسىلىدىغان رەڭگى ئاق يەرلىك كىر سوپۇنى بولۇپ، قىزىلبويىدا كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان. قىزىلبۇيىدا سوپۇنچىلىق بىلەن كۆپلەپ شۇغۇللانغان ئۇستام زۇنۇن سوپۇنچى بولۇپ، ئۇنىڭ باللىرىدىن زەيدىن زۇنۇن، قادىر زۇنۇنلار بۇ ھۈنەرنى خېلى بىر يىللارغىچە داۋاملاشتۇرغان. ئۇلار كۆپلەپ سوپۇن ئىشلەپچىقىرىپ ئۆز يۇرتلىرىنى تەمىنلىگەندىن باشقا، ئېشەك ھارۋىسى ئارقىلىق قەشقەرگە يۆتكەپ ساتقان.

5. پەيزاۋات ياغاچ ۋېلسىپىتى ـــ 1950 ـ يىللاردا پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ جامباز يېزىسى سارايتام كەنتىدىكى ياغاچچى ھوشۇر ئۇستام ھەممە ماتېرىيالى ياغاچتىن تەركىب تاپقان، تاسما بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت ياسىغان. كېيىن مېتالدىن ياسالغان ۋېلسىپىتنىڭ بەنداش، چۆرۈك، زەنجىر، پاچاق قىسىملىرىدىن باشقا جايلىرىنى ياغاچتىن قىلىپ ئىككى دانە ۋېلسىپىت ياساپ، ئۆزى بىرنى 20 يىلدىن ئارتۇق مىنگەن، يەنە بىرنى بولسا ئاتۇشلۇق ئابلەي داموللام دېگەن كىشى ئاسارئەتىقىلەر قاتارىدا ساقلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن، كېيىن ئوغلى ئابدۇكېرىم ھوشۇرمۇ دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ياغاچ ۋېلسىپىت قاتارلىقلارنى ياسىغان㉘.

پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزىسىنىڭ پېشقەدەم كادىرى ساۋۇت ئەمەت (دادام)نىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، پەيزاۋات گۈللۈك يېزىسى يالغۇز تال كەنتىدىن داۋۇت ئۇستام 1970 ـ يىللاردا بىر دانە ياغاچ ۋېلسىپىت ياساپ ئۇنى تاكى 1980 ـ يىللارغىچە ئۆزى مىنىپ يۈرگەنىكەن. بۇ ياغاچ ۋېلسىپىتنىڭ چۆرۈك، زەنجىر چاق، ئوق، قازان، شارلىرى، پاچاقلىرى مېتالدىن، قالغان جايلىرى ياغاچتىن ياسالغانىكەن. ۋېلسىپىتنىڭ كۇدىسىمۇ قارا ياغاچتىن قىرىلغانىكەن، چاقى سۆگەتتىن ياسالغان بولۇپ، چاقنىڭ تاپىنىغا (ئۇلتىڭغا) رېزىنكە مىخلانغانىكەن، ھەتتا ئۇنى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغىمۇ ئىشلەتكەن ئىكەن㉙.

يۇقىرىلاردىن باشقا پەيزاۋات ئۆرۈك ماكانى بولغاچقا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۆرۈكنى ۋە باشقا مېۋىلەرنى سېۋەت بىلەن ھەتتا ئۆرۈمەچىگىچە توشۇغاچقا، يۇرتىمىزنىڭ سېۋەت توقۇش ھۈنىرى

تەرەققىي قىلغان، بۇ خىل ھۈنەر ـ سەنئەت ھازىرغىچە پەيزاۋاتتا قىسمەن مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

**تۆتىنچى، پەيزاۋات مەشھۇر خەلق سەنئەتكارلىرى ماكانى.**

پەيزاۋات خەلقىمۇ ئوخشاشلا ئەلنەغمە سەنئىتىگە بەكمۇ ھېرىسمەن، خۇش چاقچاق، خۇشئاۋاز خەلق، پەيزاۋاتنىمۇ تارىختا كۆپلىگەن مەشھۇر مەدداھ ـ ۋائىزلار، مۇقامچىلار، خەلق قوشاقچىلىرى نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىنلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇيغۇر لەتىپىچىلىكى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان داڭلىق لەتىپىچى، قوشاقچى كېرىم كۆمەچ (كېرەم ئېلى) دەك زاتى تەۋەررۇكلىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن.

1) مۇقامچى، داستانچى ـــ سەلەي موللا

سەلەي موللا 1868 ـ يىلى قىزىلبويى يېزىسىنىڭ ئاپياق خوجا كەنتىدە توختى موللا دېگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يۇرتداشلىرى ئۇنى سەلەي موللا، سەلەي ئاخۇن خەلپىتىم دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ خۇش چاقچاق، مەرىپەتپەرۋەر، ھەققانىيەتچى، ساخاۋەتچى كىشى بولۇپلا قالماي، يەنە مۇقامچى، ماھىر سازەندە، لەتىپىچى، قىزىقچى ئىدى. سەلەي موللا ياش ۋاقتىدا ئۆز يۇرتى ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دىنىي بىلىم ئالغان، يەنە بىر تەرەپتىن پۇرسەت چىقىرىپ، دۇتار، ساتار چېلىشنى ئۆگەنگەن، بىر ئۆمۈر مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

سەلەي موللا يۇرتىمىزدىن چىققان ھازىرغىچە بىزگە ئىسمى شەرىپى مەلۇم بولغان ئۇستا مۇقامچى، داستانچى بولۇپ، دائىم «مۇقام يۈرەكنىڭ كىرىنى ئالىدۇ» دەيتتى. «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانىدىكى ئون نەچچە خىل ئاھاڭنىڭ ھەممىنى، «غېرىب ـ سەنەم» داستانىدىكى 50 نەچچە خىل ئاھاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ، شۇنداق رەتلىك، شۇنداق مۇڭلۇق ئورۇنلايتتى. ئارىلاپ داستاندىكى ۋەقەلىكلەرنى ئوبرازلىق، قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ۋەقەلىك ئىچىگە غەرق قىلىۋېتەتتى. ئۇ دۇتارنى شۇنداق ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتىكى، ئاڭلىغانلىكى كىشى مەپتۇن بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايتتى. دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ مۇقام ياكى داستان ئېيتقاندا، ئاڭلىغۇچىلار مەستخۇش بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىپ قالغاندا، بىرەر لەتىپە ئېيتىپ ياكى قىزىق گەپ قىلىپ قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىۋېتەتتىدە، ئەتراپتىكىلەرنى روھلاندۇرۇۋېتىپ، يەنە داۋاملاشتۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئەتراپتىكىلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ داڭ قېتىپ ئولتۇرۇشاتتى. سەلەي موللا «ئات ھەققىدە قىسسە»نى دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلاپ، كىشىلەرنىڭ ئۈچەيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرەتتى، كىشىلەر تەلەپ قىلىپ قايتا ـ قايتا ئورۇنلاتقۇزاتتى. سەلەي موللا 1981 ـ يىلى 113 يېشىدا ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان[30].

2) قوشاقچى ـــ ئابلىزاخۇن

ئابلىزاخۇن ـــ جامائەتچىلىك ئۇنى ئابلىزاخۇن خەلپىتىم دەپ ئاتايتتى. ئۇ 1885 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قوشئاۋات يېزا تۇمبىشى (بازار) كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياش ۋاقىتلىرىدا قوشئاۋات بازار مەسچىتىدە خېلى ئۇزاق مۇدەررىس بولغان. 1959 ـ يىلى 74 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئابلىزاخۇن خەلپىتىم ياش ۋاقتىدىن باشلاپ دىنى بىلەن تەھسىل قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، نەزم يېزىش، ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ نەزم ئوقۇشتىكى ئىقتىدارى ئالاھىدە بولۇپ، ئىنكاس قايتۇرۇش تېز، ھازىر جاۋابلىقى يۇقىرى ئىدى. نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا مەزمۇنى چوڭقۇر، يۇمۇرلۇق، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك، ھازىرجاۋابلىقى دەل بولغان نەزمىلەرنى ئېيتىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، خەلق ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. قوشئاۋاتتا ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ نەزمىلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنىڭ روھى ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە[31]. ئۇنىڭ بىر قىسىم نەزمىلىرى «پەيزاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى» (3 ـ توم)دا، زۇنۇن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ تەييارلىنىشى بىلەن ئېلان قىلىنغان.

3) لەتىپىچى، قوشاقچى ـــ كېرىم كۆمەچ

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق لەتىپىچىسى، قوشاقچىسى كېرىم كۆمەچ (كېرىم ئېلى) 1897 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزىسىنىڭ قەيرۇقۇم كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1987 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 81 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

كېرىم كۆمەچنىڭ يۇرتىدىكىلەر ئۇنى «ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە قىزىقارلىق يۇمۇرىستىك سۆزلىرىدە ياكى قوشاق بىلەن جاۋاب بېرىدىغان ھازىر جاۋاب لەتىپىچى ۋە قوشاقچى ئىدى» دەپ تەرىپلىشىدۇ، ئۇنىڭ قوشاق ۋە لەتىپىلىرى ھازىرغىچە پېشقەدەملەرنىڭ ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوشاق، لەتىپىلىرى تولۇق توپلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. تەرجىمان، يازغۇچى راخمانجان رۇسۇل ئەپەندى توپلاپ رەتلىگەن كېيىم كۆمەچ لەتىپىلىرىدىن «ئات سويۇتۇش»، «ياكى قىز تۇغۇسىز ياكى ئوغۇل»، «مەن مۇئاۋىنى بولاي»، «مەدىكار گۆردىن يەر شوردىن»، «ئاق ئات ئېغىنغاندەك»، «قولدا ئۇستىرا يوق تۇرۇپمۇ»، «قوي نېمە ئۈچۈن مەرەيدۇ» قاتارلىق يەتتە پارچىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان. «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى»نىڭ 3 - قىسمىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نىڭ 12 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا شائىر، ژۇرنالىست، فولكلور تەتقىقاتچىسى ئۈچقۇنجان ئۆمەر نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق لەتىپە - چاقچاقلىرىدىن نەمۇنىلەر» (شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2014 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىغىمۇ ئۇنىڭ ھاياتى ۋە لەتىپىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە پەيزاۋاتتا خوتەندىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ماخمۇت قارى يەنى «چولاق مەدداھ» نامى بىلەن ئاتالغان داڭلىق بىر مەدداھ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزىسىنىڭ قۇرۇق كەنتىدە ناسىرھېلىم باقى (داڭلىق شائىر ئەزىم ناسىرنىڭ چوڭ دادىسى) دېيدىغان خوش ئاۋاز داستانچى بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ ئۇمۇ «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «تاھىر - زۆھرە»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قاتارلىق داستانلارنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بېرەلەيتتى. مەزكۇر داستانچىدىن 1980 - يىلى 8 - ئايدا مەن ئۆز قولۇم بىلەن خاتىرىلىگەن بىر تولۇقسىز نۇسخىسىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ كەنتتىن قارا ئابلا دېگەن بىر قوشاقچى ئۆتكەن.

پەيزاۋات خەلقى ئىچىدە نامسىز نۇرغۇن قوشاقچىلار ئۆتكەن. بۇ يۇرتتا خۇددى ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىدەك ھازا ئاچقاندا قوشاق قېتىپ ھازا ئاچىدىغان ئادەتلەر مەۋجۇت بولغان. ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئادەت ئۇيغۇرلار مۇڭلىنىش ھېسسىياتى بىلەن سۆيۈپ ئاڭلايدىغان، داڭلىق خەلق ناخشىچىسى ئېزىز ئاتۇش تارقاتقان «دادام كارۋان، ئانام قونىخان» ناملىق ناخشىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغان، شۇنداقلا بۇ مەشھۇر خەلق ناخشىسىنىڭ تېكستىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى پەيزاۋات بەشتام خەلقىگە مەنسۇپتۇر. بۇنى ئېزىز ئاتۇشنىڭ مۇنۇ بايانلىرى ئىسپاتلايدۇ: «پەيزاۋاتنىڭ بەشتام دېگەن يېرىگە ھامامنى يوقلاپ بارسام، بىر ئۆلۈم ھازىسى ئۈستىگە بېرىپ قاپتىمەن، ئۇ يەردە ھازىدارلارنىڭ ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىپ، ھازا ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنداق ئېيتىپ، بۇنداق ئېيتىپ بېقىپ ئۇ قوشاقنى ئاھاڭغا سالدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ناخشا ئاتۇشقا تارالدى»㉜.

**بەشنچى، پەيزاۋات — چېلىشچى پالۋانلار يۇرتى**

چېلىشىش — ئۇزاق تارىختا ئىگە، ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىيلاشقان تەنھەرىكەت تۈرى. بۇ ھەرىكەتنى ئۇيغۇر خەلقى ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈن، نورۇز (زارەخەتمە)، سەيلە - ساياھەت ۋە چوڭ يىغىلىشلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ چارشەنبە بازىرى، ھالقا كۆل بازىرى ۋە باشقا بازارلاردا ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا داغدۇغىلىق چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. بۇ مۇسابىقىگە كۆپىنچە پەيزاۋات ۋە ئاتۇشنىڭ كاتتايلاق يېزىسىدىن داڭلىق چېلىشىشچىلار قاتنىشىدىغان بولغاچقا، بۇ چېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ قاتنىشىدىغان ئادەم كۆپ، داغدۇغىسى كاتتا بولغان. بۇ خىل ئادەتلەر يېقىنقى يىللارغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان. ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن پەيزاۋاتلىقلار ئاتۇش، مارالبېشى، يوپۇرغا، يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ ياكى ئۇ جايدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ چېلىشىش مۇسابىقىسىنى داۋاملىق ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. دېمەك، چېلىشىش پەيزاۋات خەلقى ئالاھىدە قىزىقىدىغان، تارىخى ئۇزاق، قاپلىنىش نىسبىتى يۇقىرى تۈر بولۇپ، پەيزاۋاتنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپلا قالماي جۇملىدىن قەشقەر ۋىلايىتى ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزغىمۇ بىر قاتار شان - شەرەپلەرنى كەلتۈرگەن. ھەرقايسى يۇرتلاردا ئاتالغان چېلىشچى پالۋانلار بارلىققا كېلىپ، ئاۋام ئىچىدە ئۇلارنىڭ نامى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ياد ئېيتىلىپ كەلگەن. تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر:

قوشئاۋات يېزىسىدىن: ساۋۇت قارى (دۆڭلۈك كەنتىدىن)، غوپۇر بارات (شاخيادىن)، رۇسۇل سىدىق (ئاۋات مەھەللىسىدىن)، تۇردى ئەپەندى (يېڭىئېرىقتىن)، تۇردى ياغ (قارا دۆڭدىن)، مۇھەممەد مەتېلى قاتارلىقلار.

قىزىلسۇ يېزىسىدىن: مۇھەممەد روزى (ئاقدۆڭ كەنتىدىن)، روزى بەختى (گۇلۋاشتىن)، مەھەممەد شېرىپ (باغمېرىقتىن)، داۋۇت قاسىم (گۇلۋاشتىن)، گۇللۇك يېزىسىدىن: قۇربان ئېلى (ھالقا كۆل يېزىسىدىن)، ساۋۇت ھاجى (گۇللۇكتىن)، ئابلا ئابدۇرېھىم (گۇللۇكتىن)، ئىمىن سىدىق (بەشتامدىن)، ئابدۇراخمان مۇھەممەد (يېڭىباغدىن)، ئەركىن مۇھەممەد (يېڭىباغدىن)، تۇرسۇن ئۆمەر (گۇللۇكتىن)، ئالىم كېرەم (ھالقا كۆلدىن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدا تىرېنېر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ) غولتوغراق يېزىسىدىن: روزى ھاجى، ئۆردەكلىك يېزىسىدىن: ئابلا تۇردى قاتارلىقلار.

يانپاشقا ئېلىپ چېلىشىشتا نام چىقىرىپ شىنجاڭ بويىچە «ئەركىن يانپاش» دەپ نام ئالغان ئەركىن مۇھەممەد 1973 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى چېلىشىش مۇسابىقىسىدە 1 - لىككە، 1973 -، 1974 -، 1978 -، 1982 -، 1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرخىل چېلىشىش مۇسابىقىلىرىدە 1 - لىكنى قولدىن بەرمىگەن. ئەخەت ھوشۇر (شاپتۇل يېزىسىدىن) 1982 - يىلىدىن 1986 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلەرگە توققۇز قېتىم قاتنىشىپ تۆت ئالتۇن مېدال، ئۈچ كۈمۈش مېدال، ئىككى مىس مېدال ئېلىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى باھالىنىپ پەيزاۋاتقا شەرەپ كەلتۈرگەن㉝. يۇرتىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەن چېلىشچى پالۋانلارنىڭ نەتىجىلىرى «پەيزاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» (3 - توپلام)دا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

**ئىزاھلار:**

① قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن «شىنجاڭ يەرناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى، 33 - بەت.

②، ③ نىياز كېرىمى، زىنۇىدە ساتتار «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى، 256 -، 257 - بەت.

④ ئەلى غوپۇر «پەيزاۋاتنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1990 - يىلى 4 - سان، 35 - ، 36 - بەتلەر ۋە «پەيزاۋات ۋە ئۇنىڭ جەنزۇچە نامى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1988 - يىلى، 4 - سان 48 -، 49 - بەتلەر.

⑤، ⑭، ⑰ ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى، 238 -، 244 -، 234 - بەتلەر.

⑥، ⑦، ⑬ «قەشقەر يىلنامىسى 1985»، قەشقەر گېزىتخانىسى نەشرى، 1985 - يىلى نەشرى، 187 -، 188 - بەتلەر.

⑧، ⑨، ⑩، ⑭، ئابدۇكېرىم تۇردى «پەيزاۋات قوغۇنى»، «مىراس»، 2010 - يىلى 2 - سان، 57 - بەت.

⑪ ئىسمائىل مەھزۇن «دىۋان مەھزۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى، 6 -، 7 - بەتلەر.

⑫ غازى ئەھمەد «قەشقەر قوغۇنى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2010 - يىللىق 2 - سان، 5 -، 8 - بەتلەر.

⑮، ⑱ «دۆلەت پەيزاۋات ناھىيەسىگە ‹ئۈچ ماكان› دېگەن نامنى ھەدىيە قىلدى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 2001 - يىلى 18 - مارت.

⑲، ㉕ ئابدۇقادىر غازى «پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ خام توقۇش كەسپىنى تونۇشتۇرۇش»، «پەيزاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» (2 - توپلام) 1996 - يىلى 7 - ئاي 112 - ، 115 - ، 116 - بەتلەر.

⑳، ㉑، ㉒، ㉓، ㉔ ئا. ن. كوروپاتكىن رۇسىيە «قەشقەرىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 106 -، 107 -، 108 -، 109 -، 111 - بەتلەر.

㉖، ㉗ غازى ئەھمەد «ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2009 - يىللىق 1 - سان، 111 - بەت.

㉘ «پەيزاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى»، 3 - توپلام، 2012 - يىلى 9 - ئاي، 315 -، 316 - بەتلەر.

㉙ تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش «قاتناش مەدەنىيىتى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2014 - يىلى نەشرى، 173 -، 174 - بەتلەر.

㉚ زۇنۇن ھوشۇر «مەرىپەتپەرۋەر سەلەي موللا»، «پەيزاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» (3 - توپلام) 2012 - يىل 9 - ئاي 175 -، 177 - بەتلەر.

㉛ زۇنۇن ھوشۇر «نەزمىچى ئابلىزاخۇن»، «پەيزاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» (3 - توپلام) 2012 - يىل 9 - ئاي، 181 -، 185 - بەت.

㉜ م. سەيدۇللا، ن. مۇھەممەدئىلى، ئا. ئابدۇرېھىم «ئېزىز ئاتۇش ۋە ئۇنىڭ ناخشىلىرى»، قىزىلسۇ ئەدەبىياتى، 2008 - يىللىق 3 -، 4 - قوش سانى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 2009 - يىل 13 - فېۋرال سانىغا قاراڭ.

㉝ زۇنۇن ھوشۇر «پەيزاۋات مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرى»، «پەيزاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى»، (3 - توپلام)، 2012 - يىلى 9 - ئاي، 409 -، 431 - بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# ساقا

سەمەت ئەسراتۇرا

## ساقىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ساقا ـــ باغداش قارلىق تېغىنىڭ دەل ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان تەبىئىي بىر تۈزلەڭلىك بولۇپ، ساقا بوستانلىقىنى ئاساس قىلىدۇ. ساقىنىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز بۇ جاينى بايىقاپ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ ئېچىپ گۈللەندۈرگەن. قەدىمدە ساقا ئادەم ماكانلاشمىغان كەڭ سايلىق بولۇپ، تەسكەن، قامقاق، ئاقۋۋاق، قاغا تىرنىقى، چاكاندا، يانتاق، لوقاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ماكانى ئىدى. باغداش، ئاراتام غولىدىن ئېقىپ كەلگەن تاغ سۈيى ساقىندىلىرى ساقا تۈزلەڭلىكىگە كېلىپ ئېقىپ مۇنبەت تۇپراق ھاسىل قىلغان. ساقىنىڭ شىمالى تاغلىق، شەرقى كەڭ كەتكەن سايلىق، جەنۇبى قارامۇقچا، ساۋىلاق بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. غەربىي تەرىپىمۇ ئوخشاشلا كەڭ سايلىق. ساقىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئورنى ساقىغا ئالاھىدە ئامەت ئاتا قىلغان. ساقىنىڭ سۇ مەنبەسى ئىنتايىن مول بولۇپ، يەر ئېچىپ پايدىلىنىشقا ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن. قەدىمدە ساقا ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ماكانى بولغاچقا ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ جاينىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن. بىر قىسىم پېشقەدەملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىغا قارىغاندا، ئوۋچىلار ساقا تەۋەسىدىن ئەتىگىنى ئوۋ ئوۋلاشقا چىقسا كۈن پېشىنغىچە نۇرغۇن جەرەن ئوۋلاپ كېلەتتىكەن. ساقا تەۋەسىدە يەنە ئۆزلۈكىدىن ئۈنگەن نۇرغۇن قارىياغاچلار بولۇپ، بۇ زېمىنغا ئالاھىدە ھۆسن قوشقان. كېيىن قارامۇقچىدىكى كىشىلەر بۇ جاينى بايىقاپ يەر ئېچىشقا باشلىغان. قومۇل ۋاڭمۇ بۇ جايدا ئوردىغا تەۋە يەر ئېچىپ ئۆزىنىڭ يىللىقچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئەڭ دەسلەپ قومۇل ۋاڭ بوز يەرلىرىدە تاۋۇز تېرىتقان. ساقىدا تېرىغان تاۋۇزلار ھەم يوغان، ھەم تاتلىق بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسى قىشتا ساقلايدىغان تاۋۇزلىرىنى مۇشۇ جايدىن ئېلىپ كېلىپ ساقلىغان. ساقىدا مۇقىم ئادەم ماكانلاشماي كېلىپ-كېتىپ تېرىقچىلىق قىلىپ تۇرغان. ئەينى چاغدا ۋاڭ ئوردىسىغا مەخسۇس تاۋۇز تېرىپ، قوغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ كىشى ئەتىيازلىقى شەھەردىن ساقىغا كېلىپ تاۋۇزنى تېرىپ بولۇپ قايتىپ كېتىدىكەن. تاۋۇزلار ئەمدى يېڭى سالغاندا كېلىپ سۇغىرىپ، ئوتاپ پىشقىچە تۇرىدىكەن. بۇ كىشى كۆپ يىللار ساقىغا كېلىپ-كېتىپ تۇرۇش جەريانىدا ئۇزۇن يوللارنى قىسقارتىش، ئۇزۇن تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەمگەك تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ، تۆۋەندىكىدەك قوشاق توقۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ كەلگەن.

ساقىدا تاۋۇز تېرىپ ئۈندىمىكىن،<br>
پەلىزى-پەلىزىگە يەتتىمىكىن.<br>
سوراڭلار ئاشىقلارنىڭ ئۇستازىدىن،<br>
مۇرادى مەقسىتىگە يەتتىمىكىن.

كېيىن بۇ قوشاق قومۇل مۇقاملىرى تېكىستلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

ساقا ئەل ئارىسىدا قارامۇقچا ساقىسى دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. چۈنكى ساقا قارامۇقچىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېتىكى بولغاندىن سىرت، ساقىدا ماكانلاشقان مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئەسلىي قارامۇقچىدىن كۆچۈپ چىقىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئىدى. قارامۇقچىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ قارامۇقچىدىكى ئەسلىي ئاچقان يەرلەر يېتىشمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاملىق يەر ئاچسا

بۇلاق سۇلىرى ئازلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قارامۇقچە-
دىكى بىر بۆلەك ياشلار يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش
مەقسىتىدە ساقا ئەتراپلىرىغا كېلىپ ياۋا ئۆسۈملۈك قاپلاپ
كەتكەن بۇ زېمىننى بوستان قىلىشقا ئاتلانغان. ئېرىق
ئېچىپ سۇ باشلاپ، كەڭ كۆلەمدە يەر ئاچقان. ساقىنىڭ
يېرى ياخشى بولغاچقا بىر ئىككى يىلدىلا يەر بولۇپ ئۇ-
نۇمنى كۆرۈشكە باشلىغان. شۇ چاغلاردا قارامۇقچىدىكى
ھەر بىر ئائىلىدىن بىر ياكى ئىككى ئوغۇل ساقىدا يەر
ئېچىپ، بۇ يەرلەرنى ماكان تۇتۇپ مۇقىم ئىگىلىگەن.
لېكىن يازلىقى تۇرۇپ، قىشلىقى دېھقانچىلىقنى يىغىشتۇرۇپ
بولۇپ قارامۇقچىغا كەتكەن. ساقىدىكى يەرلەرنىڭ كېڭىيە-
شى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر ئاستا- ئاستا ماكانلىششقا
باشلىغان. قۇمۇل ۋاڭمۇ مەخسۇس يەر ئېچىپ ساقىدا
ئوردا يەرلىرى دەپ ئەنگە ئېلىپ ئۆز يانچىلىرىنى ماكان-
لاشتۇرغان ھەمدە بىر قىسىم كىشىلەر باغۋارانلىق قىلىشقا
باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن
بولغان سىياسى، ئىقتىسادى، سودا ئىشلىرىنىڭ قويۇقلىشى-
شىغا ئەگىشىپ بۇرۇن قارامۇقچا بىلەن ئۆتىدىغان خان
يولى ساقا بىلەن ئۆتىدىغان بولغان. 20- ئەسىرنىڭ باشلى-
رىغا كەلگەندە، ئاپتوموبىل يولى ساقىدىن ئۆتكەن.
بۇنىڭ بىلەن ساقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى بارغانچە
مۇھىم بولۇپ قالغان ھەمدە كىشىلەرمۇ بارغانچە مۇقىم
ئولتۇراقلاشقان. خانلىقمۇ يۇقىرى گازارما ۋە تۆۋەن گا-
زارمىلاردا ئەسكەر تۇرغۇزغان. ساقىدىكى كىشىلەر ئىلگىرى-
كېيىن بولۇپ يەتتە ئېرىق چېپىپ، شۇ يەتتە ئېرىق ئاسا-
سىدا ساقا دېگەن بۇ يۇرت شەكىللىنىشكە باشلىغان. كېيىن
قارامۇقچىنىڭ يۇرت كاتتىسى بولغان دۇگامەت بوۋىمىز
ۋاڭلىققا مەكتۇپ يوللاپ، بەش شەھەر، 12 تاغ يۇرتلىرى-
دا گۇناھ قىلغان خەلقنى تاشار قاراڭغۇنىڭ ئاستىدىن بىر
ئېرىق چاپتۇرۇپ ساقىنى تېخىمۇ ئاۋات ماكان قىلغان
ھەمدە سۇنىڭ بىر قىسمىنى خانلىق يەرگە مەخسۇس ئاج-
راتقان. ساقىدىكى ئاھالىلەرمۇ يەر ئېچىش ئېھتىياجىغا ئا-
ساسەن ئاستا- ئاستا يەتتە ئېرىقنى شەكىللەندۈرۈپ مۇشۇ
يەتتە ئېرىقنى بويلاپ ماكانلاشقان. تۆۋەندە مەن بۇ
يەتتە ئېرىقنى ھەمدە ھەر بىر ئېرىقنى ماكان تۇتقان كىشى-
لەرنىڭ ئىسىم زاتى بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى ئېرىق ــ چوڭ گازارما. بۇ ئېرىقنىڭ بېشىدا
چىلىق سۇلاسى سودا يوللىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۆپرەك
ئەسكەر تۇرغۇزغاچقا چوڭ گازارما دەپ ئاتالغان. بۇ
ئېرىق ياقىسىدا تۆۋەندىكى كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان.
تۇرسۇن مەزىن، ھادى موللا، موللا يۇنۇس، ئىمام گۇلمۇ-
ھەممەد بوۋا، تۆمۈر دېھقان، ئەمەت دېھقان، يۈسۈپ
دېھقان، نىياز پالۋان، ھىدايى توقسۇن، بېشىر توقسۇن.

ئىككىنچى ئېرىق ــ كىچىك گازارما دەپ ئاتالغان.
بۇ جايدا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەر تۇرغۇزغاچقا كىچىك گا-
زارما دەپ ئاتالغان. بۇ ئېرىقنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان-
لار: شېرىپ دېھقان، سىدىق موللا، ئىسمائىل بوۋا، سائىم
دېھقان، سۇلايمان مۇتىي، مۇتىي دېھقان، پەتەر دېھقان،
زاكىر دېھقان، شادى دېھقان، يۇنۇس دېھقان، تۇرسۇن
يۇنۇس، توختى ئەمەت دېھقان، ياقۇپ توختى، سۇۋۇر
دېھقان، قۇربان نىياز دېھقان، ھاشىر دېھقان، ھاشىم
دېھقان، باقار دېھقان، ئىمىرنىياز دېھقان، ئىمىرەمزى
دېھقان قاتارلىقلار...

ئۈچىنچى، جوجەم ئېرىق. بۇ ئېرىقنىڭ جوجەم ئېرىق
دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، مەلۇم بىر جوجەم پاجىئەسى
سەۋەبىدىن بۇ ئېرىق ياقىسىغا باشتىن- ئاخىرغىچە جوجەم
بىنا قىلىنغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان. بۇ ئېرىق ياقىسىدى-
كى كىشىلەر ساقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغان
بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە: سۇلايمان دېھقان، سەدۇل
ئاخۇن، سەرۇل ئاخۇن، شەرۇل دېھقان، نىياز دېھقان،
مامۇت دېھقان، ھامۇت دېھقان، قۇربان بوۋا، ئېزىز
قۇربان، يەدىگا سوپا، ئابدۇنىياز دېھقان، زىكيا دېھقان،
يارى گېگىل، ئابدۇل گېگىل، ئوسمان دېھقان، مەمەتشاھ
دېھقان، قۇربان نىياز دېھقان، ئەمەت دېھقان، ئىسمائىل
دېھقان، ھوشۇر مەزىن، تالىپ دېھقان، گۇلى بوۋا، ئىلياز
دېھقان، سالى دېھقان، نەمتۇل دېھقان، ياقۇپ دېھقان،
سەدۇل دېھقان، ئابباس دېھقان، ئىمەر سوپى، روزى
ئىمام، ئابلىز ئىمىن، پەزۇل قۇربان، يارى غوجى.

تۆتىنچى، سار ياتقى ئېرىق. بۇ ئېرىقنىڭ بۇنداق
ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، قەدىمدە بۇ ئېرىق چېپىلغان جايدا
چوڭ بىر قارىياغاچ دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە
چوڭ بىر سارنىڭ ئۇۋىسى يىراقتىن قارىياغاچ ئۈستىدە
غەلىتە بىر نەرسىگە ئوخشاش كۆرۈنگەچكە بۇ ئېرىق
شۇنداق ئاتالغان. بۇ ئېرىقنى بويلاپ ماكانلاشقانلار تۆ
ۋەندىكى كىشىلەردىن ئىبارەت: ئامىنىياز دېھقان، تالىپ
دېھقان، گۇلى دېھقان، تۇرسۇن گۇلى، شاكىر دېھقان،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يەھيا دېھقان، گۇلمۇھەممەد دېھقان، داگۇت شىخ، ئىبراھىم گۇلمۇھەممەد، ساۋۇت شىخ، روزى بوۋا دېھقان، تۆمۈر شاھ دېھقان، قاسىم تۆمۈر شاھ، سوپا روزى، پىسى دېھقان، قاسىم دېھقان.

بەشىنچى، غولئېرىق. بۇ ئېرىقنىڭ بۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ ئېرىق تاشارنىڭ قاراڭغۇ دېگەن يېرىدىن باشلانغان قۇرۇق غول ئارقىلىق ئۇدۇللا ساقىغا چۈشكەن غول ئېقىن بولغاچقا ھەمدە كىشىلەر مۇشۇ ئېرىقنى ئاساس قىلىپ، قالغان ئېرىقلارنى ياسىغاچقا بۇ ئېرىقنى مۇشۇنداق ئاتىغان. بۇ ئېرىقنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقانلار توختى سىدىق، يارى دېھقان، ئىدرىس دېھقانلار ئىدى.

ئالتىنچى، ئارا ئېرىق، بۇ ئېرىقنىڭ بۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ ئېرىق غولئېرىق بىلەن قاقشال ئېرىقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى بويلاپ چېپىلغاچقا شۇنداق ئاتالغان. بۇ ئېرىقنىڭ ياقىسىدا ئولتۇراقلاشقانلار: بەدەلۋاقى دېھقان، تۇرشا دېھقان، گالى دېھقان، سىدىق قارى، ھېمت قارىلار ئىدى.

يەتتىنچى، قاقشال ئېرىق. بۇ ئېرىقنىڭ بۇنداق نام بىلەن ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ ئېرىق ساقىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى قاقشال دەپ ئاتىلىدىغان كەڭ كەتكەن زېمىنلاردىن باشلىنىپ چېپىلغاچقا قاقشال ئېرىق دەپ ئاتالغان. بۇ ئېرىق ياقىسىدا ماكانلاشقان كىشىلەر تۆۋەندىكىچە: ئاخۇن سوپا، ئۆمەر دېھقان، گۇلمەمەت زۇبۇر، رەمنىياز دېھقان، ھاشىر دېھقان، خاكىر دېھقان، ھوسۇيۇن دېھقان، مەمەتنىياز دېھقان، قارى بوۋا، يەھيا بوۋا، قاسىم بوسۇق دېھقان، سۇلتان قارى.

بۇ يەتتە ئېرىق خۇددى بىر توپ ئۈزۈم تېكىنىڭ يەتتە تال شېخىنىڭ ئەينەن كۆرۈنۈشى بولۇپ، پۈتۈن ساقا دىيارىدا ياشىغان يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان مۇبارەك ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ئېرىقلارنى بويلاپ ھايات كەچۈرۈپ، ئەقىل-پاراستىنى نامايان قىلىپ، بىزگە مۇشۇ گۈزەل يۇرتنى قالدۇردى، شۇڭا بۇ كىشىلەرنىڭ نامىنى پەخىرلەنگەن ھالدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

### ئاراتام، تاشارنىڭ يۇرت بولۇشى

ئاراتام، تاشار ئەسلىي بىر يۇرت قوۋملىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان، شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ باغداش تاغلىرى باغرىغا جايلاشقان، ھاۋاسى ئىللىق، مەنزىرىسى گۈزەل، ھەر خىل گىياھ-تاشلار بىلەن تولغان ئالەمدە تېپىلغۇسىز يۇرتلارنىڭ بىرى. ئاراتام، تاشار 13-، 14-، 15-ئەسىرلەردە گۈللىنىپ بۇددا دىنىنىڭ قومۇل رايونىدىكى مۇقەددەس جايلىرىدىن بىرى بولغان. بۇ جايلاردا ئەسلىي مۇشۇنداق بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇ جايدىن چىققان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاراتامدا مەيدانغا كەلگەن مىڭئۆي مەدەنىيىتى بوكۈر، لاپچۇقلاردا ياسالغان مىڭئۆي ئۇسلۇبلىرى بىلەن ئوخشاش. ئاراتامدا ئاھالە ياشىمىغان بولسا، بۇ مىڭئۆيلەرنىڭ بىنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ قومۇلغا كىرىشى بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇرۇشۇپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى غالىب كېلىپ بۇددىستلارنى قوغلاپ چىقىرىشى بىلەن ئاھالە ئازلاپ كەتكەن ياكى قالمىغان. ئىسلام دىنىنىڭ تەدرىجىي ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ مۇقەددەس جايغا قېچىپ چىقىپ ئاراتام غول ئاغزىنى ماكان تۇتۇپ، يەر ئېچىپ مەخپىي ياشىغان. كېيىن كىشىلەر بۇلارنى بايقاپ دىنغا كىرمىگەنلىكىنى بىلىپ بۇركۇت قالماق، مەمەشاھ قالماق، داڭسىلىق قالماق، زامتاڭ قالماق قاتارلىق ئالتە ئۆيلۈك كىشىنى يۇقىرىقىدەك ئاتىغان. ئاساسلىق تاشار، ئاراتامنىڭ قايتا يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشىدە مۇشۇ ئالتە قالماق دەپ ئاتالغان ئالتە جەمەت يۇرتنىڭ تېگىنى سالغان. بۇركۇت قالماق توغرىسىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار. بۇركۇت قالماقلار جەمەتى ئاراتامدىكى سۇمبە قۇرۇلنىڭ ئالدىدىكى بۇركۇت جىلغا ئەتراپىنى خەندەك سېلىپ ئېرىق ياساپ يەر ئېچىپ تېرىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ جاينى «بۇركۇت جىلغا» دەپ ئاتىغان. كېيىن قومۇل ۋاڭلىرى ئاراتام باغنى بىنا قىلىپ سۇمبە قۇرۇل قۇرۇلۇشىنى سالغان چاغدا بۇركۇت قالماقنىڭ يېرىنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋالغان. بۇركۇت قالماق ئۆزلىرى ئاچقان يەرنى ۋاڭدىن تالىشىپ دەۋالاشقان. قومۇل ۋاڭمۇ بۇركۇت قالماقلاردىن ئىسپات كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، «ئەگەر سىلەر ئاچقان يەر-زېمىن بولسا قانداق ئىسپاتلايسىلەر» دەپ تۇرۇۋالغان. بۇركۇت قالماق «بىز ئاچقان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆمۈپ قويغان بىر تاشتىن ياسالغان تۇلۇق بار، شۇ ئىسپات» دەپ جاۋاب بەرگەن. ۋاڭمۇ

«راست شۇ تاشتۇلۇق بولسا بۇ يەرنى ساڭا بېرىۋېتىمەن» دېگەن ھەمدە ئىككى تەرەپتىن ئادەملەر بېرىپ كولىغان. دېگەندەك يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر تاشتۇلۇق چىققان. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ قايىل بولۇپ، بۇ جايدىكى يەرلەرنى بۇركۇت قالماققا قايتۇرۇپ بەرگەن. قومۇل ۋاڭ ئاراتام باغنى ۋاڭلىقنىڭ يەر-زېمىنى دەپ ئەنگە ئېلىپ ئاراتامدا بىر گۈزەل مېۋىلىك باغ قىلىشنى پىلانلاپ ئىش باشلىغان. لېكىن ئاراتامدىكى ئالتە قالماق جەمەتىدىكىلەرنىڭ مال-چارۋىسى كۆپ بولغاچقا باغدىكى كۆچەتلەرنى يەپ ئايىنتمىغان. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ «مال-چارۋا، ئاتا-كالاڭ بارلار تاشارغا چۈشۈپ ئولتۇرۇڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئالتە قالماق جەمەتىدىكى زور بىر تۈركۈم كىشىلەر تاشارغا كېلىپ يەر ئېچىپ، ئۆي سېلىپ تاشار دېگەن يۇرتنى بىنا قىلغان. ئەبەيدۇللا تارخان زامانىسىدا تاشاردا 12 ئائىلە بار ئىدى. يۈسۈپ ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئاراتام باغنى كېڭەيتىپ ئوردا بىنا قىلىش جەريانىدا شەھەر ئىچى، قارادۆۋە، راھەتباغ قاتارلىق جايلاردىن ئادەم ئېلىپ كېلىپ ئىشلەتكەن. تاشاردىكى ئادەم سانىمۇ بارغانچە كۆپىيىشكە باشلىغان. قومۇل ۋاڭ تاشار، ئاراتاملاردا يەر ئېچىپ بۇ جاينىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن. تاش تۈگمەنلەرنى ياساپ سۇ ئىنشائاتى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە تاشار رەسمىي بىر دورغۇلۇق يۇرت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. 12 تاغ ئىچىدىكى مەمۇرىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولغان بۇ جاي تۇڭگان يېغىلىقىدا يۇرت ئەھلى توزۇپ ئاھالە يەنە ئازلاپ كەتكەن. ئاندىن قارامۇقچا، شەھەر ئىچى قاتارلىق جايلاردىن ئاھالە كۆچۈپ چىقىپ تاشارنىڭ ھازىرقى ئاھالىسىنى شەكىللەندۈرگەن. قەدىمدە تاشارغا كۆسۈ، راشىدىن دېگەن ئىككى كىشى دورغا بولۇپ ئۆتكەن، تاشاردىنمۇ بىر بۆلۈم ئاھالە ساقا، دۈڭخۇل، قاخشال تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېلىپ بىر قىسىم مەھەللىلەرنى شەكىللەندۈردى.

### چىڭگىزخاننىڭ ئاراتامدىن لەشكەر باشلاپ ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت

پېشقەدەملەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، چىڭگىزخان موڭغۇل داللىرىنى بويسۇندۇرۇپ باش كۆتۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈشنى باشلىغاندا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىنى بويلاپ ماڭغان. شۇ چاغدا ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئاراتام ئەتراپىغا كەلگەندە يىراق يوللارنى باسقان لەشكەرلەرنى دەم ئالغۇزۇش ھەمدە قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئالدى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ سانىنى بىلىپ بېقىشقا توغرا كەلگەن. لېكىن ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدە سانىنى ئېلىشتا سەل قىيىن ئەھۋال كۆرۈلگەن. سەپەر ئۇزۇن، بۇ جايدا ئۇزاق تۇرۇش بىئەپ بولغانلىقتىن ھەر بىر ئەسكەرگە بىردىن تاشنى كۆتۈرگۈزۈپ بىر جايغا تاشلاتقۇزۇپ ماڭغان. لەشكەرلەر ئىككى سەپ بولۇپ ماڭغاچقا تاشنىمۇ ئىككى جايغا تاشلاپ دۆۋىلىگەن. چوڭلار بۇ تاش دۆۋىلىرىنىڭ بىرى، ھازىرقى ئاراتامنىڭ شەرقىدىكى قىزىل بۇلاقنىڭ يېنىدىكى تاش دۆۋىسى، يەنە بىرى، ئاراتام باغ ئىچىدىكى تاش دۆۋىسى، دەپ تەرىپلەيدۇ. شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بۇ تاش دۆۋىلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت خەلق ئىچىدە مانا مۇشۇنداق ساقلىنىپ قالغان.

### لەنگەر غوجام ھەققىدىكى رىۋايەت

چوڭلار لەنگەردە ئەسلى ئىككى ئەۋلىيا ياتقان. بىرىنىڭ ئىسمى زاتى قىياسىدىن ئاتا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى غىياسىدىن ئاتا بولۇپ، ئۇلار لەنگەرگە كېلىپ ياتقىلى تەخمىنەن 280 يىل بولدى، دېيىشىدۇ. بۇلاردىن قىياسىدىن ئاتا راستىنلا لەنگەردە يېتىپ قالغان، غىياسىدىن ئاتا قارامۇقچىغا كېلىپ بۇ جاينى ياقتۇرۇپ قېلىپ مۇشۇ جايدا يېتىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىپتۇ ۋە قارامۇقچىدىكى بىر ياخشى جاينى تاللاپ شۇ جايدا ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارامۇقچىدىكى بىر قانچە بالا شوخلۇق قىلىپ بۇ كىشىگە چاقچاق قىلىپ قولتۇقىدىكى تۈكنى تارتىپ يۇلۇپتۇ. غىياسىدىن ئاتا ئويغىنىپ قارىسا بىر قانچە بالا كۈلۈشۈپ تۇرغۇدەك، ئۇ كىشى بالىلارغا نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپتۇ ۋە يەنە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. بىراق ھېلىقى بالىلار يەنە كېلىپ بۇ كىشىنىڭ ساغرىسىغا چانچىپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا يەنە ھېلىقى بالىلار تېخىمۇ خۇش بولۇپ قاراپ تۇرغىدەك. بۇ كىشى بالىلارنى يەنە نەسىھەت بىلەن كەتكۈزۈپ باشقا جايغا يۆتكىلىپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى بالىلار يەنە كېلىپ ھېلىقىدەك ئەدەپسىز ئىشلارنى يەنە تەكرارلاپتۇ. ئاخىر بولماي بۇ كىشى قاتتىق خاپا بولۇپتۇ ھەمدە قارامۇقچىدىكى كىشىلەرنى «ئۈچ يىل بالدىراڭلار، ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





يىل غالدىراڭلار» دەپ قارغاپ تاشلاپ غايىب بوپتۇ. شۇندىلا كىشىلەر بۇ كىشىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. شۇڭا كونىلاردا «قارامۇقچا قارغىش ئالغان يۇرت» دېگەن رىۋايەت بار. دېمىسىمۇ يۇرتتا ئادەتتە ئۈچ يىل مولچىلىق، ئۈچ يىل ئاپەت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، قارامۇقچىدا مازار بولماسلىقنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ بولسا كېرەك.

### ئالدار بوۋا ھەققىدىكى رىۋايەت

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا قومۇلنى بىر مەزگىل قالماق خان سورىغانىكەن. ئۇ دەۋرلەردە قالماقلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماپتۇ. قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ خالىغىنىنى قىپتۇ. قومۇلنىڭ شىمالىدا «باغداش» دېگەن بىر گۈزەل يۇرت بولۇپ، بۇ ياپيېشىل ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان، سۈيى ئەلۋەك، ھاۋاسى كىشىگە ئارامبەخش ئېتىدىغان، ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ماكانىكەن. قايسى زامانلاردا كىمنىڭ ئايىغى ئەڭ بۇرۇن تەگكەن بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. لېكىن بۇ خىلۋەت ماكانغا كەلگەن بىر خەلق شائىرى بۇ زېمىننىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسىنى كۆرۈپ:

تاغمۇ، تاغلاردىن ئېگىز،
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى.
ئۈستىدە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

دەپ قوشاق توقۇپ مەدھىيىلىگەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قالماق لەشكەرلەر ئاراتام، تاشارلارنى بۇلاپ-تالاپ ئۇ جايلارنى بېسىۋاپتۇ. ئاراتامنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ جايى قىلىپ بېكىتىپتۇ ھەممە ئەتراپتىكى قوشنا رايونلارنى داۋاملىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپتۇ. قالماقلارنىڭ بۇنداق خورلىشىغا چىدىمىغان بىر باتۇر كىشى چىقىپ دائىم قالماقلارنى ئالداپ راسا ئەدىپىنى بېرىدىكەن. قالماقلار ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ كىشىنى تۇتالماپتۇ، ئۇ ھەدېسىلا ئۇلارنى ئالداپ تۇرۇپ ئەدىپىنى راسا بېرىپ قالماقلارنىڭ كۆشەندىسىگە ئايلىنىپتۇ. خەلق بۇ كىشىگە ئالدار باتۇر دەپ نام بېرىپتۇ. قالماق لەشكەرلەر ھەممە جايىنى قامال قىلغانلىقتىن ئالدار باتۇر باغداش جۇسلاڭلىرىدا (يايلاقلاردا) پاناھلىنىپ يۈرۈپتۇ. باغداش يايلاقلىرىدا ئۈچۈپ يۈرۈيدىغان بىر بوغۇن بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن يىراقلارغا ئۇچىدىكەن. بۇ كىشى زېرىكىپ قىلىدىغان ئىش تاپالماي ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا جۇسلاڭدا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا ئوتنى چانچىپ، ئۇنى ئاسمانغا قويۇپ بېرىپ ئويناپتۇ. بۇ بوغۇن ئۇچۇپ-ئۇچۇپ يۈرۈپ ئاراتامغا كېلىپ قاپتۇ ھەممە قۇيرۇقىدىكى ئوت قالماق لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى يەۋاتقان تاماق قاچىسىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇلار ئوتقا سىنچىلاپ قارىسا بۇ ئوت پەقەت جۇسلاڭدىلا ئۆسىدىغان ئوت بولۇپ، بۇ ئەتراپتا ئۆسمەيدۇ، يەنە كېلىپ بوغۇننى ئالدار باتۇرلا تۇتالايدۇ، بۇ ئىشنى ھەرقاچان شۇ قىلغان دەپ ھۆكۈم قىلىپتۇ. قالماقلار دەرھال تەييارلىق قىلىپ باغداش جۇسلاڭلىرىغا (يايلاقلىرىغا) يول ئېلىپتۇ ھەممە ھېلىقى ئوت ئۈنىدىغان جايىنى ئىزدەپ تېپىپ ئالدار باتۇرنى ساقلاپ يېتىپتۇ. بۇ كىشى بۇ چوققىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە قالماق لەشكەرلەر تۇشمۇ تۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئالدار باتۇر دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئوقياسىدىن ئوق ئۈزۈپ قالماقلاردىن بىر قانچىسىنى يەر چىشلىتىپتۇ. قالماقلار بىلەن ئېلىشا-ئېلىشا چوققىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ، ئوقمۇ تۈگەپتۇ، ئاخىر قورام تاشلارنى دومىلىتىپ قالماقلارنى يېقىن يولاتماپتۇ، ئەڭ ئاخىر ھالىدىن كېتىپ قالماقلارنىڭ ئوقىدا جان ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق بۇ باتۇرنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ چوققىنى «ئالدار بوۋا چوققا» دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپتۇ. بۇ خەلق ئوغلانىنىڭ قەھرىمانە ئىش-ئىزلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا رىۋايەت قىلىش يولىدا «ئالدار باتۇر»

«ئالدار بوۋا» بولۇپ سۆزلىنىپ كېلىپتۇ.

## ئاراتام باغنىڭ بىنا بولۇشى

تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە قومۇلنىڭ 4-ئەۋلاد ۋاڭى يۇسۇپ ۋاڭ تەدبىرلىك، يىراقنى كۆرىدىغان، قابىل كىشى بولغاچقا، ئوردا نامىدا مەخسۇس باغباران، راۋاق سالدۇرغاندىن باشقا، جازالىنىپ جەنۇبقا كەتكەن ئاكىسى ئىسھاق ۋاڭنىڭ ياقا يۇرتلاردا رىيازەت چېكىپ يۈرگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، قايتىپ كەلسە مۇشۇ باغلاردا دەم ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا چەككەن رىيازەتلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، كۆڭلى خۇش بولۇپ، مەندىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ قالدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئوردىدىن مەخسۇس ئەمەلدار ئاجرىتىپ، قومۇلدىكى توققۇز غول ئېغىزلىرىنى تەكشۈرتۈپ چىققان. بۇ ئەمەلدار ھەممە تاغ ئېغىزلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاخىر ئاراتام تاغ ئېغىزىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ، جايلاشقان ئورنى مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ، ۋاڭغا ئاراتام باغنى قايتا قۇرۇش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىغان. يۇسۇپ ۋاڭ مەكتۇپنى كۆرۈپ ئاراتام باغنى ياساش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. بىر قانچە 100 كىشى تەشكىللىنىپ ئاراتام باغنى كېڭەيتىپ ياساش جېڭىگە ئاتلانغان. ئەسلىدە بار بولغان باغچە ئاساسىدا ياڭاقلىق باغ، ئۈرۈكلۈك باغ، ئۈزۈملۈك باغ، چىلانلىق باغ، ئالمىلىق باغ، شاپتۇللۇق باغ، جىگدىلىك باغ، ئۈجمىلىك باغ قاتارلىق ھەر خىل مېۋە تۈرلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم باغ بىنا قىلىپ تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ ئاۋات ماكانغا ئايلاندۇرغان. ئاراتام باغ ئەسلىدىكى 300 مودىن 1000 موغا كېڭەيتىلگەن. بۇنداق رەتلىك كۆلەملەشكەن مېۋىلىك باغ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئاراتام باغنىڭ بىنا قىلىنىشىنى شەرقىي تەڭرى-تاغ ئېتەكلىرىدىكى بىر مۆجىزە دېيىش كېرەك. ئاراتام باغ بىنا قىلىنغاندىن كېيىن قومۇل ۋاڭ ھەر يىلى بۇ جايغا كېلىپ، ياز ۋە كۈزلۈك دەم ئېلىش پائالىيىتى قىلغان. ئاراتامدا بولغان مېۋىلەرنىڭ تۈرى كۆپ بولۇشتىن باشقا قەنت ماددىسى يۇقىرى، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، كۆرۈنۈشى چىرايلىق، پارقىراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاراتام باغ ۋاڭ دەۋرىدە ئوردىغا يىلدا 5000 سەر كۈمۈش پايدا يارىتىپ بېرىشتىن باشقا، ۋاڭنىڭ ئاغىچا خېنىملىرىنى 30 مىڭ دانە سەرخىل قەغەز ياڭاق، ئالتە دادەن چىلان، 30 جىڭ ساپ جىگدە يېلىمى بىلەن تەمىنلىگەن. باغ مېۋىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن نەچچە ئون چاقىرىم كېلىدىغان تاش تام بىلەن قورشاپ چىققان. باغنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ رۇخسەتسىز بۇ باغقا كىرىشى چەكلەنگەن. رۇخسەتسىز كىرگەن كىشى بىرەر تال مېۋە ئېلىپ قويسا جازالانغان. بىرەر پۇقرانىڭ مال-چارۋىلىرى كىرىپ قالسا باغ باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالسا دەرھال ئۆلتۈرۈلگەن. مۇشۇنداق قاتتىق باشقۇرۇلغاچقا باغ باشقۇرغۇچىلارنىڭمۇ باغنىڭ ھەرقانداق بىرەر تۈپ مېۋىلىك دەرىخىنى كېسىشىگە، سۇغارماي قۇرۇتۇپ قويۇشقا قەتئىي يول قويمايتتى. باغقا كىرىش رەسمىيىتىمۇ چىڭ بولۇپ، ۋاڭ يارلىقى بولسا ئاندىن كىرىشكە بولاتتى. مۇشۇنداق قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنغاچقا ۋاڭ دەۋرىدە بۇ باغ مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللەنگەن. ئادەتتىكى جايلىرىدا ھەر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ زىچلىقىدىن ئادەم مېڭىپ ئۆتۈش ئىنتايىن تەس بولغاچقا ئاراتام باغ ئەينى چاغدا بىر گۈزەل جەننەتنىڭ ئۆزى ئىدى. ئاراتامغا كەلگەن قەدىمكى كىشىلەر بۇ جاينىڭ مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولغان ھالدا تۆۋەندىكى قوشاقلارنى توقۇغان.

ئاراتامنى تام دېمەڭلار،
ئاراتام بىر تاغ ئىكەن.
رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلغان،
مېۋىزارلىق باغ ئىكەن.
ئاراتامنى تاغ دېمەڭلار،
ئاراتام بېھىش ئىكەن.
ئۈستىدە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستى كىشمىش ئىكەن.
ئاراتامنى تاغ دېمەڭلار،
ئاراتام بىر باغ ئىكەن.
يوللىرىدا قارغىن تىكەن،
جۇگانلىرى قارلىغاچ ئىكەن.
ئاراتامنىڭ قۇشقاچلىرى،
شاخ ئارىلاپ سايراپ ئۆتەر.
يىگىتلەرنىڭ بىچارىسى،
تام ياقىلاپ ماراپ ئۆتەر.
مەن سېنىڭ يارىڭ ئەمەسمۇ،
ئاراتامدا سۆزلىگەن.
قاۋۇلۇڭ قاشىڭدا تۇرۇپ،
بىي قاۋۇلنى ئىزدىگەن.
قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن،

IRAS

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاراتامنىڭ باغىدا.
ئىزدىسەم ئىندەككە كەلمەس،
كەتتى جەننەت باغىغا.

قومۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە ئاراتام باغ مېۋە-چېۋىلەرنىڭ سەرخىلى بىلەن توشقان بىر گۈزەل جەننەتكە ئايلانغانىدى. بىراق قومۇل ۋاڭلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن بۇ باغقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، بارغانچە ۋەيران بولۇشقا باشلىغان. بولۇپمۇ 1930-يىللاردىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىغان ۋاقىتتا جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ، قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ، باغ بارغانچە كىچىكلەپ هازىرقى هالىتىگە كېلىپ قالىدۇ.

## باغداش باغلىرىنىڭ بىنا بولۇشى

1740-يىلى ئىمىن ۋاڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قومۇلدا يۈرگۈزگەن جاساقلىق تۈزۈم بويىچە ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى يۈسۈپنى قومۇلغا ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. يۈسۈپ ۋاڭ 29 يىللىق ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرۇش جەريانىدا، جۇڭغار توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ-كىچىك خوجىلارنى باستۇرۇشتا 100 نەپەر قومۇللۇق ئۇيغۇر قوشۇنىغا باش بولۇپ چىڭ قوشۇنلىرىغا ھەمكارلىشىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ تەۋەلىرىدە كۆپلىگەن غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە سادىقلىقىنى ئىپادىلەپ چوڭ خىزمەت كۆرسىتىدۇ. 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈسۈپ ۋاڭغا «ئايماق» ۋاڭ دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. يۈسۈپ ۋاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي يۈرۈشلەردىن قايتىپ كېلىپ قومۇل خەلقىگە نۇرغۇن سېلىق سېلىپ باغ-ئوردا سالدۇرىدۇ. ئۇ بىر قېتىملىق ئوۋغا چىقىش سەپىرىدە تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ ئوۋ قوغلىشىپ يۈرۈپ تاسادىپىي باغداش غولىنى بايقاپ قالىدۇ. ئۇ پۈتۈن باغداش غول ئىچىنى ئارىلاپ بۇ جاينىڭ ئاجايىپ ئېسىل جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر باغ بىنا قىلىشنى ئويلايدۇ. يۈسۈپ ۋاڭ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ئوردا بەگلىرىگە باغداشتا بىر مېۋىلىك باغ قىلىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، باغداشنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، باغنىڭ ئورنى، باغداشنىڭ ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق جەھەتلىرىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئوردا بەگلىرى باغداشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇ جاينىڭ ھەقىقەتەن ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەندىن باشقا بۇ جاينىڭ نوپۇسىنىڭ ئازلىقى، باغ قىلىشقا قولايلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. يۈسۈپ ۋاڭ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ دەرھال باغداش باغىنى بىنا قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. قومۇلنىڭ بەش شەھەر، 12 تاغدىكى ئۇستا باغۋەنلەرنى يىغقاندىن باشقا نۇرغۇن ئادەمنى يىغىپ باغداشقا ھاشارغا ماڭغۇزدى. بۇ كىشىلەر باغداش غولىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغ ئالدىدىكى چوڭ بىر جاينى تۈزلەپ تاش، شېغىللارنى يۆتكەپ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان 300 مودەك جاينى ئېچىپ مېۋىلىك باغنىڭ ئورنىنى تەييار قىلىدۇ. قومۇلدىن مۇنبەت تۇپراق ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۆگە بىلەن يۆتكەپ چىقىپ باغچىنىڭ ئورنىغا تۆكىدۇ، باغ ئورنىنى ئوبدان سۇغىرىپ تىندۇرىدۇ. قارادۆۋىدىن ئىمىن ئۇستا دېگەن ئادەمنى باش قىلىپ، لاپچۇق، توغۇچى، راھەتباغ قاتارلىق جايلاردىن بىلىمى مول، ئۇزاق يىللىق تەجرىبىگە باي باغۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، باغداش باغقا قانچە خىل مېۋە باب كېلىدىغانلىقىنى تەجرىبە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ باغۋەنلەر ئىمىن ئۇستا باشچىلىقىدا ھەر خىل چارە-ئامال ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق باغداش باغقا تۆت، بەش يىلدا يەتتە خىل مېۋىلىك كۆچەتنى ئۆزلەشتۈرۈپ، باغنىڭ دەسلەپكى كۆكەرتىش ئىشىنى تاماملىغان. باغداشنى مېۋىلىك باغقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە ۋاقىت كەتكەن. باغداش باغ — ئالمىلىق باغ، جىنەستىلىك باغ ۋە ئۆرۈكلۈك باغدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن. يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىگە كەلگەندە باغ رەسمىي مېۋىگە كىرگەن. باغداش باغىنى باشقۇرۇش قاتتىق بولغانلىقتىن باغ ئىچى ناھايىتى رەتلىك ھەم گۈزەل قىلىپ لايىھىلەنگەن. بېغىش ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە باغنىڭ ئالدىغا 40 ئېغىزلىق ئوردا بىنا قىلدۇرۇلۇپ باغ تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگەن. شاھ مەھسۇت ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇ باغدىن ھەر يىلى 3000 سەر كۈمۈش كىرىم قىلىدىغان بولغان. باغداش باغىنىڭ قۇم ئالمىسى بىلەن جىنەستىسى ئىنتايىن مەشھۇر. بۇ ئېسىل باغ 1930-يىللىرىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىدا جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئوت قويۇلۇپ ۋەيران قىلىۋېتىلدى. 1990-يىللاردا بۇ باغقا قايتا كۆڭۈل بۆلۈنۈپ بىر قىسىم باغ ۋە قۇرۇلۇشلار ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. قەدىمكى كىشىلەر باغداش باغلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكى قوشاقلارنى توقۇغان:

باغداشلارنىڭ تاغلىرى،
كىشمىش پۇرايدۇ باغلىرى.
قاچان كۆڭۈلدىن كېتەر،
چىنىگە قۇيۇلغان چايلىرى.
قارلىق تاغدا قار ياغادۇر،
بوستاندا تۇمان.
ئىچكىنىمدە ئوت كۆيەدۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.
بىز باغداش باغىدا،
ئۆزلىرىگە قارىشىپ.
توي-تۆكۈن مەشرەپلەردە،
بىر-بىرىمىزنى مارىشىپ.
باغداش بېغى باغرىدا،
خويمۇ بوپتۇ ئالمىلار.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
ياماننى سۆيگەن لالمىلار.
هاۋانىڭ تۇمانلارى،
ساي يەرنىڭ قۇلانلارى.
سۇ دېسەم شەربەت بەرگەن،
باغداشنىڭ جۇگانلىرى.

## بالىغا ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى

ساقىدىكى ئۇيغۇرلاردا بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن قىز تەرەپ ئانىسى ئۆيىگە ئاپىرىپ 40 كۈن تۇرغۇزىدۇ. شۇ ئارىلىقتا بالىغا ئىسىم قويۇش ئەڭ بۇرۇن ئورۇندىلىندىغان ئادەتلەرنىڭ بىرى. يىگىت تەرەپمۇ پوشكال سېلىپ قۇدا تەرەپكە ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن بىر موللامنى چاقىرىپ ئۆيدە ياغ پۇرۇتۇپ ئىسىم قويۇش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. ئاخۇنۇم تاهارەت ئالغاندىن كېيىن بالىنى قولىغا ئېلىپ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىدۇ. ئاندىن ئاتا-ئانىسى تاللاپ قويغان ئىسىمنى ئۈنلۈك قىلىپ ئاسماندىن چۈشكەن ئىسىملىرى XX بولغاي دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنى جەينامازغا ياتقۇزۇپ، جەينامازنى بېشىدىن كۆتۈرۈپ دومىلىتىپ تاشلايدۇ، شۇنداق قىلىپ ئىسىم قويۇش پائالىيىتى ئاخىرلىشىدۇ.

## ئىدەر قىلىش ئادەتلىرى

بالىنىڭ قىرقى توشقاندا يەڭگىگەن ئانىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ئىدەر تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ. (هازىر بۆشۈك توي دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئىدەرنىڭ ئاساسلىق تەييارلىقىنى يىگىت تەرەپ قىلىدۇ. ئىدەرگە ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلار چىللىنىلىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاققا ئاتاپ قىز تەرەپ، يىگىت تەرەپ، ئاتا-ئانىلار ۋە قىز-يىگىتنىڭ قېرىنداشلىرىمۇ تەييارلىغان خىنىلىقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىدۇ، بۇنى سەرپا دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەگەر بالا ئوغۇل بولسا ئاياللارغا ئۇپا، ئەڭلىك، سۇرمە، ئەينەك كەلتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئوغۇل بالىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ياسىداق قىلىپ كەچتە مەشرەپ ئوينايدۇ. مەشرەپتە دوست-بۇرادەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار نەۋرىلىك بولغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ راسا تەبرىكلەپ ئوينىشىدۇ.

## بالىنى بۆشۈككە سېلىش ئادەتلىرى

بالىنىڭ ئىسمى قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بالىنى بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ سەككىز كۈن بولغاندا بۆشۈكنى چىرايلىق جاندۇرۇپ بوۋاققا يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ، بۆشۈكنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى، ئاخىرىغا ئون دانە قارا چىراغ قىلىپ، پىلىكنى سۈيۈق مايغا چىلاپ چىراغلارغا ئوت يېقىلىپ بوۋاقنىڭ كىچىك ئۆيى تەبرىكلىنىدۇ. ياغ پۇرۇتۇلۇپ كىچىك-كىچىك توقاچ، چەپەكلەر سېلىنىپ كىچىك بالىلار بۆشۈكنىڭ ئاستىدىن مۇشۇكنى دوراپ توقاچلارنى ئۆز ئارا سۇنۇشۇپ يەيدۇ. بوۋاق بۆشۈككە سېلىنىپ بوۋاقنىڭ ساغلام، تېمەن، چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا-تەكبىرلەر ئېيتىلىپ بۇ مۇراسىم ئاخىرلىشىدۇ.

## سۈننەت توي

ساقىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئوغۇللىرى ئالتە، يەتتە ياشقا كەلگەندە خەتنە قىلىدۇ. بۇ ئوغۇل بار ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ تولىمۇ بەختلىك كۈنى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا-ئانىسى خەتنە تويى بولغان بالىغا يېڭى كىيىم-كېچەك، ئورۇن-كۆرپە تەييارلايدۇ. بوۋىسى ياكى مومىسى بىرەر قوي ياكى قول ئىلكىدە بارلار ئات ياكى كالا ئاتايدۇ. خەتنىنى بىر كىچىك توي ھېسابىدا ھېسابلاپ، ئەل-مەھەللە، ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، يار-بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ نەزىر-چىراغ قىلىدۇ. كەچتە بالا خەتنە قىلىنىدۇ. قەدىمدە ئاددىي ھالدا ئۇستۇرا، كۆيدۈرۈلگەن پاختا بىلەن كېسىلىپ سۇ ماي سۈرۈتۈلۈپ ئون كۈندىن 15 كۈندە ساقايتىلىدۇ، ساقىدا روزى قاسىم ئىمام ناهايىتى ئۇستا سۈننەت قىلىدىغان كىشى ئىدى.

(ئاپتور: قۇمۇل ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com









# قەدىمىي لۇش مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش

مەتسەئىدى مەتقاسىم

كېرىيە ناھىيەسىدىكى ئاتچان يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇرۇمتاغ ئارىسىدا لۇش دەپ ئاتىلىدىغان بىر تەبىئىي كەنت بار. كەنتتىكى 201 ئائىلە، 923 نوپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. لۇش قەدىمدىن بۇيان قاراقۇرۇم تاغلىق رايوندىكى قاشتېشى ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن، بۇ يەردىن چىقىدىغان ئاق قاشتېشىنىڭ داڭقى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. شۇڭا ئۇ يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى قاشتېشى يولى، شۇنداقلا خوتەننىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى قاشتېشى مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن قاراقۇرۇم مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى دەپ قارىلىپ كەلگەن لۇش قەبرىستانلىقمۇ دەل مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. كېرىيە دەرياسىنىڭ غول تارماق ئېقىنى بولغان لۇش دەرياسى لۇش كەنتىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريانىڭ ئەتراپىدىكى دۆڭلۈك ۋە يايلاقلارغا نۇرغۇن قەدىمكى ئىزلار تارقالغان. ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان بۇ جاي لۇش دېگەن نام بويىچە ئاتىلىپ كەلگەن. بىراق قاراقۇرۇم تاغلىق رايوندىكى ئەڭ چوڭ قاشتېشى كېنىنىڭ بۇ يەرگە جايلاشقانلىقى، قاشتېشى زاپىسىنىڭ كۆپلۈكى ھەم ئاق قاشتېشىنىڭ داڭلىقلىقى سەۋەبىدىن كەنت نامى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ «قاشتېشى كەنتى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. 1979 ـ يىلى بۇ يەرگە قاشتېشى ئەترىتى دەپ نام بېرىلگەن. 1984 ـ يىلى قاشتېشى ئەترىتى دېگەن نامى قاشتېشى مەھەللە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قاشتېشى كەنتىنىڭ ئەسلىدىكى لۇش دېگەن تارىخىي نامى كىشىلەرنىڭ ئېغىز تىلىدا داۋاملىق ساقلىنىپ، مۇشۇ تاغلىق رايوننىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

## 1. لۇش ئاتالغۇسى توغرىسىدا

لۇش دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر بىرەر يازما






ماتېرىيال ياكى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن ئاغزاكى ئۇچۇر يوق. گەرچە لوپنۇر خەلق ئويۇنلىرى ئىچىدە «لوش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بالىلار ئويۇنى بولسىمۇ، لېكىن «لۇش» بىلەن «لوش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تەلەپپۇزى كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىدۇ. تۈرك تىلى ۋە تۈركمەن تىلىدىكى قارىمىغۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان لوش بىلەن لۇش يەنىلا مەنداش سۆز ھېسابلانمايدۇ. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا لۇش ياكى شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان بىرەر ئاتالغۇ بولمىغاچقا، لۇش ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئېنىقلاش يەنىلا قىيىن مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. مەن لۇش دېگەن نامنىڭ تىل تەۋەلىكى، ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئىستېمال مەنىسى توغرىسىدا خېلى كۆپ ئىزدەنگەن بولسامۇ، بىراق قانائەتلىنەرلىك يەكۈنگە ئېرىشەلمىدىم. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن لۇش دېگەن سۆزنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە سۆز ئەمەس دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ جايدا بۇنىڭدىن 10، 15 مىڭ يىل بۇرۇن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان. لۇش دېگەن بۇ ئاتالغۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە كونا تىل بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولغىنىغا نەچچە مىڭ يىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. لۇشكە يېقىن بولغان ئاتچان ۋە پۇلۇ (بولۇ) تەۋەسىدىكى ياشانغان كىشىلەرمۇ ھازىرغا قەدەر لۇش دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگىنى يوق. پەرزىمچە، بۇ سۆز قەدىمكى ئۇدۇن ساك تىلىغا تەۋە بولۇشى مۇمكىن. ئالىم ۋە تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى ئۆزىنىڭ «خوتەندىكى دىيالېكتىنىڭ ئاق ھۇن قاتلىمى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە «خوتەن دىيالېكتىكىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ساك تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ قارايمىز» دەپ يازغان. لۇش ئاتالغۇسىنى ئۇدۇن ساك تىلىغا تەۋە تىل بولۇشى مۇمكىن دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشۇمدىكى تۈپ ئاساس شۇكى، مىلادىيەدىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇدۇن دىيارىدا ياشىغان قەدىمكى ھۇن ۋە تۈركىي قوۋملار گەنسۇ (كەڭسۇ)، چىڭخەي (كۆكنۇر) ئەتراپىدىن كۆچۈپ كەلگەن ساكلار، چىيائڭلار، تېلىلار بىلەن قوشۇلۇپ بارغانسېرى ئاۋۇغان. كېيىنكى چاغلاردا ساكلار بارغانسېرى كۆچىيىپ، ساك تىلى ئۇدۇندىكى ئاساسلىق تىلغا ئايلانغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ دەۋردىكى تىل تارىختا «ئۇدۇن ساك تىلى» دەپ ئاتالغان. ئۇدۇن ساكلىرى ئۇدۇن دىيارىدا ئۇدۇن بەگلىكىنى قۇرغان ۋە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇدۇندىكى ئاساسلىق قەبىلە بولغان ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇن ساك تىلى ئۇدۇن دىيارىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلانغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇدۇن ساك تىلى دۇنيادىكى «ئۆلگەن تىل» قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇدۇن ساك تىلى خاس ساكلارنىڭ تىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھون ۋە تۈركىي قوۋملارنىڭ ئارىلاشما تىلىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇ تىلدا تۈركىي قوۋملارنىڭ تىل ئادىتى ۋە شەكلى قويۇق ساقلىنىپ كەلگەن. ھازىرغا قەدەر خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان سۆز - ئىبارىلەر ئىچىدە ئۇدۇن ساك تىلىغا تەۋە سۆزلەر يەنىلا مەۋجۇت. مەسىلەن، سەل دېگەن سۆز ئۇدۇن ساك تىلى بولۇپ، ئۇ كەلكۈن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لۇش دېگەن سۆزنىمۇ ئۇدۇن ساك تىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر لۇش دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. قەدىمكى لۇش مەدەنىيىتىنىڭ بايقىلىشى

قەدىمكى لۇش مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق نامايەندىسى بولغان لۇش قەبرىستانلىقى يەرلىك چارۋىچىلار تەرىپىدىن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





خېلى بالدۇر بايقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن مۇستەسنا بولۇپ كەلگەچكە، بۇ جاينىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى يەنىلا بىر سىر ئىدى. 2002 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئەترىتى ئەزالىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە قەدىمكى قاشتېشى يولىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، يەرلىك پېشقەدەم چارۋىچىلارنىڭ ئارقا بۇلاق دېگەن يەردىن ئۈچ دانە كوزا، بىر دانە جەسەت بايقىغانلىقى توغرىسىدىكى يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، دۆڭلۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تىك يار تەرەپتە ئېچىلىپ قالغان قەبرىلەرنى، ساپال بۇيۇملار ۋە ئادەم سۆڭىكىنى تاپقان. تېرىۋالغان ئادەم سۆڭىكىنى كاربون ئوكسىدى بىلەن تەكشۈرگەندە، نەتىجىسى 2950 يىل بولۇپ چىققان. ئۇلار بۇ قەبرىستانلىقتا قاراقۇرۇم تېغى رايونىدا ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ، قەبرىستانلىقتا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىشنى ئىلتىماس قىلغان. 2003 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئەترىتى دۆڭنىڭ جەنۇبىدىكى تىك يار يېنىدىكى سەككىز ئېغىز قەبرىنى قازغان. قەبرىنىڭ شەكلى، دەپنە ئۇسلۇبى، دەپنە ئادىتى قاتارلىقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەپ، لۇش قەبرىستانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرونزا دەۋرىگە تەۋە قەبرە دەپ قارىغان. 2004 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايدا تارىختىن بۇرۇنقى بۇ قەبرىستانلىقتىكى مەدەنىيەتنىڭ خاس مەزمۇنى، كۆلىمى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى يەنىمۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىش ئۈچۈن، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئەترىتى 2003 ـ يىلدىكى خىزمەتلەر ئاساسىدا، دۆڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمىدىن 600 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئورۇننى قېزىپ، 20 نەچچە قەبرىنى بايقىغان. شۇ قېتىمقى قېزىش ئارقىلىق لۇش قەبرىستانلىقىنىڭ جايلىشىش دائىرىسى ئاساسەن ئېنىقلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك تازىلاشقا ئۇل سېلىنغان. 2005 ـ يىلى 5 ـ، 7 ـ ئايدا، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ ئەترىتى دۆڭنىڭ قېپقالغان قىسمىدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 23 قەبرىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل قەبرىستانلىق ئومۇميۈزلۈك قېزىپ تازىلانغان. ئۈچ يىل جەريانىدا جەمئىي 52 قەبرە قېزىلغان. قېزىلغان ئومۇمىي دائىرە 400 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. مانا شۇنىڭدىن بېرى قەدىمكى لۇش مەدەنىيىتى بىر خىل ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. 2010 ـ يىللاردىن كېيىن قەدىمكى لۇش مەدەنىيىتى دېگەن بۇ ئۇقۇم خوتەندىكى بىر قىسىم تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، قەدىمكى لۇش مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر بەلبېغى دەپ قارالغان. مەنمۇ شۇ قاتاردا قەدىمكى لۇش مەدەنىيىتىنى قاراقۇرۇمدىكى ئۇنتۇلغان قەدىمكى مەدەنىيەت دەپ قاراپ، بۇ جەھەتتە ئىزدەندىم ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردىم. ئېنىقكى، لۇش قەبرىستانلىقى ۋەكىللىكىدىكى قەدىمكى لۇش مەدەنىيىتى تەتقىقاتى خاس قەبرىستانلىق توغرىسىدىكى تەتقىقات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە رايون ھالقىغان، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت تەتقىقاتى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. ئىگىلىك شەكلى

لۇش دىيارىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بالدۇر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەر، دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى تېرىپ يەپ ھايات كەچۈرگەن. بۇ خىل تەرمىچىلىك ئۇسۇلى لۇش ئادەملىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئىگىلىك شەكلى ھېسابلىنىدۇ. كېيىن ئۇلار ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى قىلغان. ساپال بۇيۇملار دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، دېھقانچىلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئىختىرا بولغان. لۇش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن ۋە قەبرىلەردىن

كــوزا قـاتـارلـىق سـاپـال بۇيۇملارنىڭ كـۆپلـەپ بايقالغانلىقىدىن قارىغاندا، قەدىمكـى لـۇش ۋە ئـۇنـىڭ ئـەتراپىدىكى ئـاھالىلەر خېلى بـالدۇرلا ئـوۋچىلىق ۋە چـارۋىچىلىق تـۇرمۇشىنى باشتىن كۆچـۈرۈپ، مـۇقىم ئـولتۇراق تۇرمۇش كـەچۈرۈشكە هـەمدە قوشۇمچە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتكەن. يـەنە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، لۇش رايونىنىڭ قەدىمكى ئىگىلىك شەكلىدە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقتىن باشقا يـەنە دېهقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىگىلىك شەكلىمۇ تەڭ مەۋجۇت بـولغان. لـۇش رايـونـىنىڭ بۈگـۈنكى جـۇغراپىيەلىك ئـەهۋالـىدىن ئـېلىپ ئـېيتقاندا، بـۇ جـاي ئـوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ۋە قوشۇمچە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىدۇ. تۇپراق قاتلىمىدا سېغىز ماددىسى بىر قـەدەر كـۆپ. بـۇ كـۆلالچىلىقنى تـەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. يـەنە بـۇ يەرنىڭ تۆت ئـەتراپى يـايلاق بىلەن ئـورالغان. قـەدىمكى لۇش دىيارىدا يـاشىغان ئـەجدادلىرىمىز مـىلادىيەدىن خېلى بـالدۇرلا بـۇ خـىل ئـەۋزەللىكتىن پـايدىلىنىپ، ئـوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قوشۇمچە دېهقانچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغـان. لـۇش رايـونىغا يـاۋايى هـايۋانـلار مـەركەزلىك تارقالغان. ئىلگىرى بۇ جايدا ياۋا تۆگە، ياۋا قـوتاز، تـېبەت ياۋا ئېشىكى، يىلپىز، بۆكەن، بۆرە، سۇغۇر، بـۇغا، ئـارقار، تارىم توشقىنى، قـوي، بـۇلغۇن، تـاغ تـېكىسى، كۆكيامان، كۆكمەت، كـەكلىك، ئـۇلا قـاتارلىق هـايۋانات ۋە قۇشلار بولغان، بۇ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئـىگىلىكىنىڭ ئـۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مۇهىم رول ئوينىغان.

M9 تـاش دۆۋە قـەبرىدىن يـا ئـوقى ئـۇچى، M46



تاش قورشاۋ قەبرىدىن بىر دانە مىس ئـوق ئـۇچى، M55 تاش قـورشاۋ قـەبرىدىن مىس نـەيزە ئـۇچى، مـىس پـالتا، M46، M7، M3، M16، M9، M5 قاتارلىق بەش قـەبرىدىن مىستىن ياسالغان ئـوقيا بېشى، M10، M16 M12، M55 قـاتارلىق تـۆت قـەبرىدىن مـىستىن يـاسالغان ئـات جـابدۇقلىرىنىڭ بـايقىلىشى، M10 تـاش قـورشاۋ قـەبرە ئـېغىزىغا تـوشقۇزۇلغان تـوپىلارنىڭ ئـارىسىدىن ئـۆچكە سۆڭىكى، ئـات بـاش سۆڭىكى، M55، M17، M32، M30، M21، M18، M12، M1 نـومـۇرلـۇق قـەبرىلـەردىن مۈڭگۈزدىن ياسالغان ئـېغىزدۇرۇق، سۆڭەكتىن يـاسالغان ئوقيا قاتارلىقلارنىڭ بايقىلىشى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئـىگىلىكىنىڭ ئـورتـاق مـەۋجـۇت ئـىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

### 4. ئېتىقاد شەكلى

لۇش تاغلىق رايونىنى مـەركەز قىلغان ئـەتراپتىكى تـاغلىق رايـونـلاردىن بـايقالغان مـىلادىيەدىن بـۇرۇنقى دەۋرگـە مـەنسۇپ تـېپىندىلارنىڭ ئـومۇمىي ئـەهۋالـىدىن قارىغاندا، قاراقۇرۇم تـاغلىق رايـونىدا يـاشىغان قـەدىمكى ئەجدادلىرىمىز شامانىزم ئـېتىقادىغا چوقۇنغان. قـەدىمكى لۇش مەدەنىيىتى تارقالغان جايلاردىكى قـەبرىستانلىقلاردا قـەبرە ئـاساسەن تـاش قـورشاۋ قـەبرە ۋە تـاش دۆۋە قـەبرىدىن ئـىبارەت ئـىككى تـۈر بـويىچە يـاسالغان. قەبرىستانلىقتىكى ئۆلگۈچىنىڭ روهىغا سېغىنىش، تـىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن يـاسالغان ئـوچاقلارمۇ دۈگىلەك شـەكىلدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەممىسىدە كۆيگەن ئوتنىڭ ئـىزنالىرى بـار. لـۇش قـەبرىستانلىقىدىكى 52 قـەبرىنىڭ ئـىچىدە 39 تاش قورشاۋ قەبرە، 13 تاش دۆۋە قەبرە بار. قـالغانلىرى تاش قورشاۋ قـەبرە هـېسابلىنىدۇ. خېلى كۆپ ساندىكى قەبرىنىڭ تاش دۆۋىسى ياكى تاش قورشاۋىنىڭ شـەرقىگە دىيامېتىرى 40 ـ 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاش چەمبىرەك ئـورۇنلاشتۇرۇلغان. قـىسمـەن تــاش چــەمبىرەكلەرنىڭ ئىچىدە ئوت كۆيگەن ئـىز بـار. دەپنـە ئـۇسۇلى جـەهەتتە كۆپىنچە ئـوڭدىسىغا تـىزىنى ئـېگىپ، يۈزىنى ئـاسمانغا قارىتىپ يـاتقۇزۇش ئـۇسۇلى قـوللىنىلغان. مـانا بـۇلارنىڭ هەممىسى ئاتەشپەرەسلىكنىڭ تـىپىك ئـالامەتلىرى بـولۇپ، تاغلىق رايوندىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئـىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لۇش ۋە ئـۇنىڭ ئـەتراپىدىكى ئـەجدادلىرىمىز مـىلادىيەدىن نـەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مىڭ يىل ئىلگىرى ئوت ئىشلىتىشنى، ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن ۋە مەدەنىيەت دەۋرىگە بالدۇر قەدەم قويغان. 1970 ـ يىللارغا قەدەر ئاتچان تاغلىق رايونىدا بەزى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىنى تاش تىزىپ دۈگىلەك ياكى يېرىم دۈگىلەك شەكىلدە سېلىشى ئېھتىمال شامانىزم ئېتىقادىنىڭ ئاخىرقى ئىزنالىرى بولۇشى مۇمكىن. ھازىرغا قەدەر بۇ يەردىن مۇشۇ خىل شەكىلدە سېلىنغان ئۆي ياكى ئېغىل - قوتانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ جايدىكى بەزى كىشىلەر ئارىسىدا «تاغدا تۇرساڭ، تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرگەندەك بولىسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار.

**5. قول ھۈنەرۋەنچىلىك**

لوپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايوندا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە برونزا (مىس) قوراللار دەۋرىدە ئىپتىدائىي شەكىلدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ جايلاردىن تېپىلغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى ئىچىدە ساپال، بېزەك بۇيۇملار، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لوپ رايونىنىڭ تۇپراق قاتلىمىدا ئەينەك ئىشلەپچىقىرىدىغان كۋارتس، ساپال ۋە فارفور بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان دالا شپاتى، خىش ئىشلەپچىقىرىدىغان سېغىز تۇپا، سېرىق تۇپا، مەرمەر تاش، بازالت، خرۇستال، ئاق چىرمتال، ئانار تېشى، قۇم - شېغىل ۋە مېتال تاۋلاشقا كېتەرلىك قېزىلما بايلىق بار. بۇ ئەۋزەل شارائىت قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇھىم ئاساس ياراتقان. ساپال بۇيۇملارنىڭ بارلىققا كېلىشى، مىس ۋە تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن زور بىر يېڭىلىق بولۇپ، ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە گىرىم بۇيۇملىرى ئىشلەتكەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى يەنە شۇ دەۋر كىشىلىرىدە گۈزەللىك قارىشىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە شەكىللەنگەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسىدۇر.

لوپ قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان جەمئىي 268 پارچە (پۈرۈش) بۇيۇم ئىچىدە ساپال بۇيۇم 80 دانە بولۇپ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لوپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان كۆلالچىلار مىلادىيەدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن قولدا ياسالغان ساپال بۇيۇملارنى خۇمداندا پىشۇرۇشنى بىلگەن. ئۇلار ساپال بۇيۇملارنى ناھايىتى چىرايلىق ياساش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭغا ھەر خىل نەقىشلەرنى چېكىپ، سەنئەت خاراكتېرىنى ئاشۇرغان. بۇ ئارقىلىق ساپال بۇيۇملار خاس تۇرمۇش بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى ۋە ھەمدەپنە بۇيۇمى قاتارىدا ئىشلىتىلگەن. ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۈستىدە گۈل نۇسخىلىرى بار. ئاساسلىق نۇسخىلىرىدىن ئۈچ بۇرجەك گۈللۈك نۇسخا، پۇرجۇن گۈللۈك نۇسخا، رومبا شەكىللىك نۇسخا، تور شەكىللىك نۇسخا ۋە دولقۇنسىمان نۇسخا قاتارلىقلار ئۇچرىغان. بۇغداي باشقى شەكىللىك نۇسخا ۋە يانتۇ شەكىللىك نۇسخىلارمۇ ئۇچرايدۇ. گۈل نۇسخىلار ئاساسەن چوقۇپ (سانجىپ) ياكى جىجىپ چېقىرىلغان. قىسمەنلىرىگە بېسىش ئارقىلىق ياكى لاي بىلەن چاپلاپ گۈل نۇسخىسى چېقىرىلغان. لوپ قەبرىستانلىقىدىن قېزىلغان 52 قەبرىنىڭ 35 دە لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك كوزا، كىچىك قۇلاقلىق كوزا، تاق قۇلاقلىق كوزا، جۈپ قۇلاقلىق كوزا، چوڭ قورساقلىق كوزا، تۈز ئېغىزلىق كومزەك، يۇمىلاق ياتلىق كومزەك، يىغما ئېغىزلىق كومزەك، تۈز گىرۋەكلىك ئىستاكان، تەخسە قاتارلىق 80 دانە ساپال بۇيۇمنىڭ بايقىلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا كوزىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەر قاتلىمىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇزۇن تۇتقۇچلۇق ساپال چۆگۈن چاق بىلەن ياسالغان، شۇڭا كۆپ قەبرىدە كوزىنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇمى قاتارىدا قويۇلغانلىقى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئېتىقاد شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

19 قەبرىدىن 26 دانە مىس پىچاق، 20 قەبرىدىن مىس تۈگمە، 16 قەبرىدىن مىس مارجان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىستىن ياسالغان ئوقيا بېشى، مىستىن ياسالغان ئات جابدۇقلىرى، مىس ھالقا، مىس بىلەزۈك، مىس ئەينەكنىڭ بايقىلىشى قاراقۇرۇم تاغلىق رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا مىلادىيەدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى مىسكەرچىلىكنىڭ خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مىسكەرچىلىك رۇدىلاردىن مىس ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ئوتتاندا قىزدۇرۇپ

ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساشنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماددىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىدىكى مىسكەرلەر خېلى بالدۇرلا مىس ئېرىتىش ۋە ئۇنىڭدىن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى بىلگەن. مىس مارجان، مىس ھالقا، مىس بىلەزۈكنىڭ ياسالغانلىقى زەرگەرچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، مىس تۈگمىنىڭ بايقىلىشى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەككە تۈگمە بېكىتىپ، مەدەنىي كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى، مىس ئەينەكنىڭ بايقىلىشى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەكسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ گۈزەللىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تاشچىلىق ئۇيغۇر قەدىمكى زامان قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بىر تۈرلۈك ھۈنەر - كەسىپ بولۇپ، ئۇ كونا تاش قوراللار دەۋرىدە ئىختىرا قىلىنغان. قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10، 15 مىڭ يىللار ئىلگىرى تاشنى تاشقا ئۇرۇپ - سوقۇپ، ئەمگەك قوراللىرى، ئوۋ قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە بېزەك بۇيۇملارنى ياسىغان. لوشنى مەركەز قىلغان ئەتراپتىكى جايلاردىن تاشتىن ياسالغان مارجان، ئۈزۈنچاق ۋە چاسا شەكىللىك بىلەي تاش، ئۈچ بۇرجەكلىك بىلەي تاش، قاشتېشى ئاسقۇ قاتارلىقلارنىڭ تېپىلىشى بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا تاشچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن لوش قەبرىستانلىقىدىكى M40 نومۇرلۇق قەبرىدىن 246 دانە تاش مارجاننىڭ بايقىلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمكى لوش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا كېيىن يەنە مىس، تۆمۈر قوراللار بارلىققا كەلگەن. شۇ دەۋردە مېتال تاۋلاش ۋە تۆمۈرچىلىك زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. قول ھۈنەرۋەنلەر يەنە ياغاچتىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىغان. قىسقىسى، مىلادىيەدىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە قەدىمكى لوش رايونىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەنئەنىۋى كەسىپ سۈپىتىدە ئۇزاق مەددەت داۋاملىشىپ، لوش مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان.

**6. ئاياللارنىڭ زىبۇ زىننەت ۋە گىرىم بۇيۇملىرى**

لوش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تېپىلغان قاشتېشى مارجان، ھېيقىق، تاش مارجان، تۈگمە، شۇنداقلا M52، M50، M44، M41، M40، M32، M26، M22، M18، M9، M6، M2 نومۇرلۇق 12 قەبرىدىن تاشتىن ياسالغان قاش قەلەم (ئاياللارنىڭ قاشلىق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوياق ماتېرىيالى) ۋە كۆمۈر جەۋھىرى (قاشلىق)، M3، M9، M16 نومۇرلۇق قەبرىلەردىن ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن مارجان، ئالتۇن تاسما، M1، M12، M18، M21، M30، M32، M17، M55 نومۇرلۇق قەبرىلەردىن ئاساسلىقى قولۇلە قېپى، سەدەپ قولۇلە قېپى، قولۇلىدىن ياسالغان مارجان، سۆڭەكتىن ياسالغان تارغاق، سۆڭەكتىن ياسالغان بېزەك ۋە مىس كۆرگۈ تېپىلغان. قەدىمكى لوش ئاياللىرى يۇقىرىقىدەك زىننەت بۇيۇملىرى ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى زىننەتلەپ، تېخىمۇ جەزبىدار ۋە گۈزەل كۆرۈنۈشكە تىرىشقان. ئۇلار ئىشلەتكەن زىننەت بۇيۇملىرى ئاسماندىكى يۇلتۇز، ئاي ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈل - گىياھلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ ۋە شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا توتېم ئېتىقادى بىلەن شامانىزم ئېتىقادىنىڭ تەسىرى سىڭگەن. ئۈزۈك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يۈزۈك» دەپ ئاتىلاتتى ھەم خوتۇن - قىزلارنىڭ بويۇن ۋە قۇلاقلىرىدا زىننەت بۇيۇمى بولۇپ ئەكس ئەتتەكەن. قەدىمكى لوش ئاياللىرى ئۈزۈككە قاشتېشىدىن كۆز سېلىپ ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى بىر جەھەتتىن گۈزەللىك ئۈچۈن بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قاشتېشى ئۇلارنى يامان كۆزدىن، چاقماقتىن ساقلاپ قالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمكى لوش ئاياللىرىنىڭ زىرە (كۈپە)، يىنچۇ تولغاق (ئۈنچە ھالقا)، بوغماق، ئالتۇن باقان (ئالتۇن زەنجىر)، مونچاق، ئېپار سۆكتىن ياسالغان «بوز مۇنچاق» ئىشلەتكەن ياكى ئىشلەتمىگەنلىكىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

بىز قەدىمكى لوش ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ يەنە يۈزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياقتىن ياسالغان ئەڭلىك ئىشلەتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ تۈگمىنى زىننەت بۇيۇمى ئورنىدا ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئالدىنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەدىمكى لوش ئاياللىرى ۋە

ئەرلىرى كىيىم ـ كېچەككە تۈگمە قاداپ، مەدەنىي كىيىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

### 7. قەدىمكى لۈش مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى

قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىغا تارقالغان سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرى، كېيىكتاغ قىيا تاش رەسىملىرى، مۇلجەرتاغ قىيا تاش رەسىملىرى قاتارلىق تېپىلمىلار ئىلگىرى قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىدىن بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەت ئىزنالىرى ھېسابلانغان بولسا، ئەمدىلىكتە لۈش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بايقالغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىدىن بايقالغان ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. قەدىمكى لۈش مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش مىلادىيەدىن بۇرۇنقى خوتەن رايونى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى زۆرۈر بولغان ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداق ئىكەن بۇ يېڭى تەتقىقات تېمىسى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، تارىختىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەسى، ئىنسانشۇناسلىقى توغرىسىدىكى سىردنى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نەزەر تاشلىغاندا، ئۇنى دائىم قىياسەن ھالدا پەرەز قىلىپ، ئارخېئولوگىيە ۋە يېڭى بايقاشلارغا سەل قاراپ كەلدۇق. مانا ئەمدى قەدىمكى قاراقۇرۇم مەدەنىيىتىگە لۈش مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت يەنە بىر يېڭى تەتقىقات تېمىسى قوشۇلدى. لۈش ھەقىقەتەنمۇ بىر سىرلىق جاي، ئۇنىڭغا بىز تېخىچە بىلىپ يەتمىگەن نۇرغۇن تارىخ ۋە مەدەنىيەت سىڭىپ كەتكەن. مېنىڭ بۇ يەردە بايان قىلغانلىرىم پەقەت ئۇنىڭ بىر تامچىسى خالاس.

«لۈش قەبرىستانلىقىنى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئارقىلىق، مۇكەممەل ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق، بۇ بىزنى قاراقۇرۇم تېغى رايونىنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن مۇمكىنچىلىك بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرىدىكى ئارخېئولوگىيەشۇناسلىق مەدەنىيىتى سىستېمىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا بەلگىلىك ئاساس ياراتتى. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ساپال بۇيۇملار قولدا ياسالغان ئۈزۈك سىزىقلار ئارقىلىق گېئومېترىك گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن مېتال بۇيۇملار ئىسكىف مەدەنىيىتىدىن بۇرۇن بولۇپ، قاشتاش بۇيۇم ۋە تۆمۈر بۇيۇملار قاراقۇرۇم تېغى رايونىدىن قېزىۋېلىنغان ئەڭ قەدىمكى بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ .لۈش قەبرىستانلىقى ئەتراپىدىكى مۇناسىۋەتلىك قەبرىلەرنى قېزىپ بېقىشنى ئويلىشىپ بېقىش لازىم. بۇ ئارقىلىق لۈش مەدەنىيىتى ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم»①.

پايدىلانما:

«لۈش قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش دوكلادى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 2006 ـ يىلى 2 ـ سان.

ئىزاھلار:

① مەتكېرىم ئىسمائىل تەييارلىغان «لۈش قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش »، «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» 5 ـ قىسىم، 20 ـ بەت.

(ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)


## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# نان مەدەنىيىتىمىز

ئابدۇغېنى ئوسمان

نانىڭ كېلىپ چىقىشى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىللەرنى بېسىپ ئۆتكەن. ئەڭ دەسلەپتە كىشىلەر ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يارغۇنچاقتا ئېزىپ ئۇن ھالەتكە كەلتۈرۈپ خېمىر قىلغاندىن كېيىن، گۈلخان قوقاسلىرىغا كۆمۈپ ياكى قىزدىتىلغان تاشلارغا چاپلاپ كۆمەچ قىلىپ پىشۇرغان. ئەڭ دەسلەپكى نان مۇشۇنداق پەيدا بولغان. كېيىنچە نان تونۇر، ئوچاق قاتارلىقلاردا پىشۇرۇلىدىغان بولغان. بۇ خىل نان پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تارىخى ناھايىتى ئۇزاق ئاشلىق زىرائەت دانلىرى قېزىۋېلىنغان. بۇ ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە مىقدارى بىر قەدەر كۆپرەك بولغانلىرى بۇغداي، تېرىق، ئارپا، چۆجگۈن قاتارلىقلاردۇر. ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى بۇغداي دانلىرى لوپنۇر كۆلى رايونىدىكى 4000 يىلچە تارىخقا ئىگە كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن ئېقىنلىرى، خېجىڭ ناھىيەسىدىكى چابخا جىلغىسى قاتارلىق جايلاردىنمۇ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولغان بۇغداي دانلىرى تېپىلغان. شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇنقى تېرىق، دەۋرى بۇنىڭدىن 4000 يىلچە بۇرۇن بولغان كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى، قومۇل قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان. بۇ يەردىن يەنە بېجىرىم ساقلانغان تېرىق باشاقلىرى ۋە تېرىق نېنى قېزىۋېلىنغان. يەنە شۇ قومۇل قارا دۆۋىدىكى 3200 يىللىق قەدىمىي قەبرىلەردىن ئارپا باشقى، ئارپا پوستى قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ شىنجاڭدا بايقالغان تارىخى ئەڭ ئۇزاق ئارپا ئەۋرىشكىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەننىڭ لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن ئارپا قاتارلىق زىرائەت ۋە ئارپا قوتۇرمىچى تېپىلغان.

## يارغۇنچاق

يارغۇنچاق — دانلىق ئاشلىقلاردىن يارما يارىدىغان سايمان. يارغۇنچاقلارنىڭ شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل بولۇپ، ئېگەر شەكىللىك، قېيىق شەكىللىك ۋە دۈگىلەك شەكىللىك ئاساسىي قىسمىدىن باشقا تاش توقماقچىلىرى بولىدۇ. بۇ خىل يارغۇنچاقلار كىچىك دائىرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


دېھقانچىلىقتا ئالاقىدار بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى دەۋردىكى ئەجدادلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن، ئۇ شۇ دەۋردىكى ئاشلىق زىرائەتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ سەۋىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل يارغۇنچاقلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلغان بولۇپ، بىز بۇ يەردە سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن ئۇلاردىن ئاز بىر نەچچىسىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

(1) 1976-يىلى موري ناھىيەسىدىكى دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە تەۋە تاش يارغۇنچاقتىن سەككىز دانە تېپىلغان. بۇ تاش يارغۇنچاقلار چوڭ ھەم سوزۇنچاق بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس، شەكلى ئېگەر شەكىللىك ۋە تۈز شەكىللىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل. كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 3010 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

(2) 1986-يىلى قومۇل تاشبۇلاق يېزىسىدىكى ئاقتاغ خارابىسىدىن بىر دانە تاش يارغۇنچاق تېپىلغان. ئۇ سۇنۇپ بىر نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ تېپتىكى ئېگەر شەكىللىك يارغۇنچاق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ خارابىلىكنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكى ئۆلچەنگەن.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى، ئەجدادلارنىڭ دانلىق ئاشلىق يېمەكلىكلىرىگە بولغان ئېھتىياجى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى يارغۇنچاقلارنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بىر قەدەر ئىلغارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن توقماقچىسى بىلەن دان يانجىيدىغان يارغۇنچاقتىن خېلى ئىلغار بولغان قول بىلەن چۆرۈيدىغان يارغۇنچاقلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل يارغۇنچاق قېلىنلىقى تۆت-بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى پاي دۈگىلەك تاشتىن تۈزۈلىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن ئۈستى پاي تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئاندىن ئاستى پاي تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئۈستى پاي تاشنىڭ تۆشۈكىگە توغرىلاپ تۆشۈك ئويۇلۇپ، ئۇنىڭغا چىلىك ياغاچتا ئوق بېكىتىلىدۇ. ئوق ئۈستى پاي تاشنىڭ تۆشۈكىدىن ئازراق چىقىپ تۇرغىدەك ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئۈستى پاي تاش شۇ ئوققا كىيدۈرۈلىدۇ. ئۈستى پاينىڭ گىرۋىكىگە يېقىن جايىدىن بىر تۆشۈك ئويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ياغاچ تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ. تۇتقۇچ ئارقىلىق ئۈستى پاي چۆرگىلىتىپ، تۆشۈكتىن ئۇدۇللۇق دان چۈشۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دان يانجىلىپ يۇمشاپ ئۇن بولۇپ يارغۇنچاقنىڭ چۆرىسىدىن چۈشىدۇ. بۇ خىل يارغۇنچاقلارمۇ شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن بايقالغان. مەسىلەن، 1990-يىلى 9-ئايدىن 1991-يىلى 6-ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە، ئاقتۇ ناھىيەسى ئۇجمە يېزىسى ئالتۇنچى كەنتنىڭ يەتتە كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى قاغۇرتىم خارابىسىدىن كەمتۈك يارغۇنچاق تېشى تېپىلغان. دۈگىلەك شەكىللىك بۇ تاشنىڭ دىيامېتىرى 38 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكنىڭ دىيامېتىرى 3.8 سانتىمېتىر، دان سالىدىغان تۆشۈكنىڭ دىيامېتىرى 6.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە دان ئېزىدىغان چىشلار چىقىرىلغان، چىشلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى تەرتىپلىك ئەمەس بولۇپ، 0.8 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ، مەزكۇر خارابىنىڭ دەۋرى خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

دېھقانچىلىقنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى، دانلىق ئاشلىق يېمەكلىكلىرىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ زورىيىشى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى يارغۇنچاقنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسى ئاساسىدا ئادەم كۈچى ياكى ئۇلاغ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇن چىقىرىدىغان تۈگمەن بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سۇ تۈگمىنى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل تۈگمەننىڭ ئۇن چىقىرىش مىقدارى ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچىدىن پايدىلىنىدىغان تۈگمەنلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. ئۇ چاقپەلەك، ئوق، پاقلەك، تۈگمەن تېشى، تەڭشىگۈچ، سوكەن، چىلەك ۋە نور قاتارلىقلاردىن ياسىلىپ، ئۆي ئىچىگە قۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا ئاشلىق تېرىقچىلىقى ناھايىتى بۇرۇن باشلانغان. ئەجدادلىرىمىز ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئاشلىق تېرىقچىلىقىنى راۋاجلاندۇرغان، ئاشلىق دانلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يېمەكلىك سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بارغان.

ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپلا نان ئىستېمال قىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا نان ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى بولۇپ كەلگەن. «شۇنداق دېيىشكە

بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى قانچىلىك ئۇزاق بولسا
ئاننىڭ تارىخمۇ شۇنچىلىك ئۇزاق. گەرچە ئۇيغۇرلار ۋە
باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخي يازمىلىرى، ئۇزاق زامانلار-
دىن بېرى تارقىلىپ كەلگەن قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ ئىجتى-
مائىي تۇرمۇشىدىن مەلۇمات بېرىدىغان مول ئەپسانە ۋە
رىۋايەتلەردىن ناننىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىنى ئېنىق بىلەل-
مىسەكمۇ، لېكىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان
كەڭ رايونلاردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن
ئۇنىڭ تارىخي ئىزلىرىنى بايقىيالايمىز»①.

1991-يىلى، قومۇلدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبى-
رىستانلىقىدىكى 151-نومۇرلۇق قەبرىدىن بۇنىڭدىن
3000 ـ 3200 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە تېرىق توقە-
چىسى قېزىۋېلىنغان. 1985-، 1989-، 1996-يىللىرى
چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن
تېرىق توقاچلىرى قېزىلىنغان. 1989-يىلى 2-نومۇرلۇق
قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تېرىق توقاچلىرى ۋە يېمەكلىكلەر
قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كىچىك تېرە خالتىغا سېلىنغان
بولۇپ، ئاغزى قىزىل يۇڭ يىپتا چىگىلگەن. خالتا ئىچىدە
ئالتە دانە توقاچ بولۇپ، دىيامېتىرى تەخمىنەن ئالتە سانتى-
مېتىر، قېلىنلىقى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇلار سارغۇچ
قوڭۇر رەڭدە. بۇلارنىڭ يىل دەۋرى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمە-
نىيە دەۋرىدىن غەربىي خەن دەۋرىگىچە بولغان دەۋرلەر-
گە توغرا كېلىدۇ. 1958-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي-
نىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى خەن-جىن دەۋرلىرىگە (مىلا-
دىيەدىن بۇرۇنقى 206-يىلدىن مىلادى 420-يىللارغىچە)
تەۋە نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرگەندە،
بىر تونۇرنى بايقىغان. 1999-يىلى لوپنۇر ناھىيەسىدىكى
يىڭپەن قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، 8-
نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۈچ دانە يۇملاق تاۋاق تېپىلغان
بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسىگە قوينىڭ بېشى ۋە گۆشلىرى ئې-
لىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە قات كەلگەن قاتلى-
ما نان قويۇلغان. 1972-يىلى، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدى-
مي قەبرىستانلىقىدىكى 149-نومۇرلۇق قەبرىدىن بۇغداي
ئۇنىڭدىن قىلىنغان بىر دانە نان قېزىۋېلىنغان. يۈزىگە
چەككۈچ چېكىلگەن بۇ نان پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ،
ئوتتۇرىسى نېپىز، چۆرىسى قېلىنراق، دىيامېتىرى 19.5
سانتىمېتىر كېلىدۇ. 1973-يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى 191-
نومۇرلۇق قەبرىدىن يۈزىگە كۆنجۈت سېپىلگەن، دىيامېتى-
رى 3.9 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇغداي توقىچى چىقتى.

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يۇقىرىقى توقاچ-نانلار تاڭ دەۋ-
رىگە (مىلادى 618-، 907-يىللارغا) تەۋە ھېسابلىنىدۇ. بۇ
قەبرىستانلىقتىن يەنە، نۇرغۇنلىغان سېپتا ئىشلەنگەن، ھەر
خىل شەكىلدىكى پېچىنىلەر قېزىۋېلىنغان. قەدىمكي زامان
يېمەكلىكلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان بۇ پېچىنە-پې-
رەنىكلەردىن، قەدىمكى زامان تۇرپان ئاھالىلىرىنىڭ ئۇن
تارتىش تېخنىكىسىنىڭ ۋە يېمەكلىك تەييارلاش پىشۇرۇش
ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، شۇندا-
قلا يېمەكلىكلەرنىڭ كۆركەم-چىرايلىق بولۇشىغا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

**خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە نانغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار**

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى خا-
تىرىلەر

غەربىي يۇرت بىلەن غەربىي خەن سۇلالىسى
رەسمىي قاتناش-ئالاقە خەن ۋۇدى دەۋرىدە (مىلادىيە-
دىن بۇرۇنقى 140-، 87-يىللار) باشلاندى... غەربىي
يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە ئولتۇراق-
لاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىدۇ، (848-، 849-بەتلەر).

پىشامشان بەگلىكى: ئەسلىي نامى كىروران... يېرى
قۇم ۋە شورلۇق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا،
قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ
ھەم باشقىلاردىن ئاشلىق ئالىدۇ. (853-بەت).

قۇرۇقتاغ بەگلىكى... خەلقى تاغلاردا ئولتۇراقلاش-
قان. ئاگنى (قاراشەھەر)، قوچۇ بەگلىرىنىڭ يەرلىرىنى تې-
رىيدۇ ۋە ئۇلاردىن ئاشلىق سېتىۋالىدۇ، (930-بەت).

② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دىكى خاتىرىلەر

قوچۇ قۇشنىڭ مەرھۇم بەگلىرىنىڭ قەدىم جايى، خەن
سۇلالىسى مەزگىلىدە ئالدى قۇشقا تەۋە يەر ئىدى... بۇ
ئەلنىڭ سەككىز شەھىرى بولۇپ، ھەممىسىدە ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكلەر بار. يەرلىرىنىڭ كۆپى چۆل، ھاۋاسى ئىسسىق،
تۇپرىقى مۇنبەت، تېرىق ۋە بۇغداي يىلدا ئىككى قېتىم پە-
شىدۇ. يىلە بېقىشقا باب، ھەر خىل مېۋە-چېۋە چىقىدۇ...
يېرى ئېقىن سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلىدۇ.... مۇسەللەس
كۆپ چىقىدۇ. ئادىتى بويىچە تەڭرىگە چوقۇنىدۇ. بۇددا دى-
نىغمۇ ئېتىقاد قىلىدۇ، (416-، 417-بەتلەر).

سۇلى بەگلىكى... خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى
قەدىمكى بەگلىك.. . يەرلىرىدىن سۆك، كەندىر، بۇغداي،
مىس، تۆمۈر، قەلەي، سېرىق مەرگىمۇش كۆپ چىقىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(429-بەت).

قارغالىق بەگلىكى ئۇدۇننىڭ غەربىدە، بۇ ئەلنىڭ ئاھالىسى تاغ ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. بۇغداي چىقىدۇ، دەل-دەرەخ، مېۋە كۆپ. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تىلى ئۇدۇننىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (446-بەت).

③ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى خاتىرە

كاۋانتا بەگلىكى ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ھوسۇلى ئاز، پۇرچاق بىلەن بۇغداي كۆپرەك تېرىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ دەل-دەرەخلىرى شالاڭ، گۈل-گىياھ ۋە مېۋىلەرنىڭ تۈرى ناھايىتى ئاز... ئاھالىلىرى يۇڭ چەكمەنلەردىن ئېگىن كىيىدۇ، (290-بەت).

④ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. يات ئەللەر تەزكىرىسى»دىكى خاتىرە

قوچۇ غەربىي ئايماق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇلىرى ئالتۇن چوققا (تەڭرىتاغنى كۆرسىتىدۇ)دىن كېلىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر سۇنى شەھەر ئەتراپىغا باشلاپ، ئېتىز ۋە باغلارنى سۇغىرىدۇ ھەمدە سۇ تۈگمىنى چۆرۈيدۇ. بەش خىل زىرائەت تېرىلىدۇ. قارا بۇغداي ئۆستۈرۈلمەيدۇ. ئېسىلزادىلەر ئات گۆشى يەيدۇ، قالغان كىشىلەر قوي ۋە قۇشلارنىڭ گۆشىنى يەيدۇ، (14 ملىڭ 111-بەت).

ئۇنىڭدىن باشقا، «خەننامە. شۈەندى تەزكىرىسى»دىن مەلۇم بولۇشىچە، شۈەندى خان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 74-يىلى تەختكە چىقىشتىن بۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئەل ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن مەزگىلدە، ھەر كۈنى دېگۈدەك بازاردىن نان سېتىۋېلىپ يېگەنىكەن. بۇنىڭدىن ناننىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تارقالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. لىۇشى يازغان «ئىزاھنامە» دېگەن ئەسەردە، نان «غوز نېنى» (胡饼) دەپ ئاتالغان ھەم بۇ خىل يېمەكلىك ئوتتۇرىسى نېپىز، گىرۋەكلىك بولۇپ، يۈزىگە كۈنجۈت سېپىلىدۇ دەپ خاتىرىلەنگەن. نان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ناھايىتى قىممەتلىك بۇيۇم بولۇپ، يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىلا بەھرىمەن بولالىغان. سۈي-تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىگە كەلگەندە، چاڭئەندە مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار پايتەخت كوچا-رەستىلىرىدە پولۇخانا، شورپا-كاۋاپخانا ۋە ناۋايخانىلارنى ئاچقان. بۇ جايلار كىشىلەرنىڭ تاماقلىنىدىغان، مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە سورۇنلىرى بولغان. كېيىنچە، نان تەدرىجىي يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدىن خەلق ئىچىگە تارقالغان ھەم ھەممە كىشى سېتىۋالالايدىغان بولغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۈرنەكلەر» ناملىق كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى يۈز بەرگەندە پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ پايتەخت چاڭئەندىن قېچىپ چىقىپ شيەنياڭدا تۇرغاندا، ياڭ گۈيفېينىڭ ئاكىسى ياڭ گوجۇڭ بازاردىن ئەكىلىپ بەرگەن ناننى يېگەن. 981-يىلى خاننىڭ پەرمانى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندى مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «جىنلىڭ تاغلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن دەريا سۈيى پايتەختنىڭ ئەتراپىنى تولۇق ئايلىنىپ ئاقىدىكەن، بۇ سۇ بىلەن تېرىلغۇ ئېتىزلىرى ۋە مېۋە باغلىرى سۇغىرىلىدىكەن، شۇنداقلا تۈگمەنلەر ماڭدۇرۇلىدىكەن. بۇ يەردە بەش خىل دانلىق زىرائەت تېرىلىدىكەن. پەقەت قارا بۇغدايلا ئۆسمەيدىكەن. بايلار ئات گۆشى، قالغانلار كالا گۆشى ۋە ياۋا غاز گۆشى يەيدىكەن...»، «بۇ يەردە كەمبەغەل ئادەم يوق ئىكەن، ئۇلار ئېھتىياجى بولغانلارغا يېمەك-ئىچمەك ياردەم قىلىدىكەن. كىشىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ئومۇمەن 100 ياشتىن يۇقىرى ئۆمۈر كۆرىدىكەن، ياش ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن» ③.

كېيىنچە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۆزئارا ئالاقىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ناننىڭ ئومۇملىشىشى تېخىمۇ كېڭەيگەن. مىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن يىۋ ۋەنلاۋنىڭ «شەرقىي ئاستانىدە ساقلانغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭنىڭ ئاۋات كوچىلىرى تەسۋىرلىنىپ، «كەيفېڭ شەھىرىدىكى يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا نان تەمىنلىنىپلا قالماي، بەلكى كۆپلىگەن مەخسۇس غوز نېنى ساتىدىغان دۇكانلارمۇ بار ئىدى» دەپ يازغان. 1220-، 1223-يىللاردا غەربكە ساياھەت قىلغان چيۇچۇجى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلار كۆپىنچە نان يەيدۇ، تۇزلۇق تاماققا ئامراق، ئۇسسۇغاندا سۇ ئىچىدۇ»، «ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى يېگەن، مۇسەللەسلىرىنى ئىچكەنلەر ھۇزۇرلىنىپ شېرىن ئۇخلايدىكەن»④ دېگەن. ئالمىلىق (ئالمالىق، ھازىرقى غۇلجا) شەھىرى توغرىسىدا: «9-ئاينىڭ 27-كۈنى ئالمالىق شەھىرىگە باردىم... غەربتىكى باغباراڭلىق ھويلىدا تۇردۇم، بۇ شەھەردە ئالما قاتارلىق مېۋە-چېۋىلەر كۆپ بولغاچقا، يەرلىكلەر بۇ شەھەرنى

016

ئالمالىق دەپ ئاتايدىكەن»⑤ دېگەن.

**كاروشتىچە تارشا پۈتۈكلەردىكى ئالاقىدار خاتىرىلەر**

كاروشتى يېزىقىمۇ شىنجاڭدىن بايقالغان ئەڭ قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ خىل يېزىق ئوڭدىن-سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلىدۇ. قەدىمكى ھىندىستاندىكى ماگادھا ئېلىدە قۇرۇلغان مائۇريا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 323-يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 187-، 185-يىللار)نىڭ 2-ئەۋلاد ھۆكۈمرانى ئاشوكاخان (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 265-يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 238-يىلغىچە ياكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 273-يىلىدىن بۇرۇنقى 232-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، گاندارا (ھازىرقى پاكىستاندىكى پىشاۋۇر)غا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە جاكارلىغان مايا يارلىقى ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كاروشتىچە ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل يېزىقتا پۈتۈلگەن ھۆججەتلەر ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى، پاكىستان، ئافغانىستاننىڭ شىمالى، قازاقىستان ۋە جۇڭگونىڭ گەنسۇ، شىنجاڭ رايونلىرى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. كاروشتى يېزىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن تارتىپ، خوتەن بوستانلىقىدىكى بەزى خارابىلەر، نىيە خارابىسى، ئەندىر قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، چاقىلىق ناھىيەسىدىكى كروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، مىرەن بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى، مارالبېشى ناھىيە تەۋەسىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ئەتراپى ۋە كۇچا ناھىيەسىدىكى سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى خان پەرمانى، ھۆكۈمەت ھۆججىتى، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ خەت-ئالاقىلىرى ۋە بۇددا دىنىغا چېتىلىدۇ. كاروشتى يېزىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزدىن ئەنگلىيەلىك فورسىيس، ستەيىن قاتارلىقلار، فىرانسىيەلىك دۇترېئۇئىل، گرىنارد، پېللىئوت، رۇسىيەلىك پېتروۋسكىي، شۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىن، ئامېرىكىلىق خۇنتىڭتون، گېرمانىيەلىك گرونۋېدېل لېكوك ۋە ياپونىيەلىك ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىرى ھازىر ئەنگلىيە، ھىندىستان، فىرانسىيە، رۇسىيە، شۋېتسىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە ۋە ياپونىيەلەردە ساقلانماقتا. بۇ مەنبەلەردە يېمەك-ئىچمەككە ئائىت مەلۇماتلارمۇ ناھايىتى كۆپ. پىروفېسسور لىن مېيسۇننىڭ «قۇم دېڭىزىدىكى قەدىمكى پۈتۈكلەر» ناملىق ئەسىرىدىكى 100-ھۆججەتتە، قەرز بېرىلگەن دانلىق زىرائەت، دانلىق زىرائەتلەرنى ھېسابقا كىرگۈزۈش ۋە ئەسكەرلەر قولىدىكى دانلىق زىرائەتلەر (270-بەت)، 140-ھۆججەتتە باشقىلارغا بەرگەن، تاپشۇرۇۋالغان دانلىق زىرائەت، 2-تۈركۈمدە تېرىلغۇ يەردىن كەلتۈرۈلگەن دانلىق زىرائەت، بۇ دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئىشلىتىلگەن قىسمى ۋە باشقىلارغا بېرىلگىنىنىڭ مىقدارى (270-بەت) قاتارلىق مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

**تىبەتچە تارشا پۈتۈكلەردىكى ئالاقىدار خاتىرىلەر**

شىنجاڭدىن بايقالغان تىبەتچە ھۆججەتلەر، 1907-يىلى ستەيىن شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتى جەريانىدا بايقاپ، ئېلىپ چىقىپ كەتكەن 398 پارچە تارشا پۈتۈكنى، 1914-يىلى رۇسىيەلىك مالوۋ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بىر قانچە تارشا پۈتۈكنى، 1959-يىلى ۋە 1973-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مىرەن قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن قازغان 230 نەچچە پارچە تارشا پۈتۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماتېرىياللاردا شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، جۈملىدىن، نان مەدەنىيىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مەسىلەن، «تىبەتچە تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ئومۇمىي خاتىرىسى» ناملىق كىتابتىكى 420-تارشا پۈتۈكتە، نەزىر-چىراغقا ئىشلىتىلىدىغان قوتۇرماچ (نان)، بولدۇرۇلغان نان، سۈس ئوتتا قاقلانغان ئۈجمە شاخلىرى، يېڭى بۇغداي قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. (72-بەت) 430-تارشا پۈتۈكتە، قوتۇرماچ (نان)، بولدۇرۇلغان نان، يازلىق يېسىۋىلەك ۋە چىلغان كۆكتات قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. (73-بەت)

**ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىكى نانغا ئائىت ئۇچۇرلار**

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق شاھانە ئەسەرلىرىدىكى نانغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناسىمىز مەھمۇد كاشغەرىي (1008-يىلىدىن 1105-يىلىغىچە ياشىغان)نىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى جەمئىي ئۈچ توم بولۇپ، 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن. ئەسەردە شۇ دەۋر ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئائىت ئۇچۇرلارمۇ خېلى كۆپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ مەلۇماتلار بىزنى شۇ دەۋر ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. «دىۋان»دا 23 خىل يېمەكلىك تۈرى خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە نان 16 تۈرنى ئىگىلەيدۇ. يېمەك - ئىچمەككە ئائىت بايان جەمئىي 101، بۇنىڭ ئىچىدە نانغا ئائىت جۈملە 39 بولۇپ، ئەسەردىكى پۈتكۈل يېمەك - ئىچمەككە دائىر بايانلار ئىچىدە كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. نان مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن «دىۋان»نى شۇ دەۋردىكى نان مەدەنىيىتىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلىپ بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا بىر قىسىم نان تۈرلىرىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى، نان پىشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قوراللار، ناننىڭ خام ماتېرىيالى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن نان تۈرلىرى:

1) etmek (ئەتمەك): نان. 1- توم، 138- بەت.

2) epmek (ئەپمەك): نان. ياغما، توخسىلار ۋە بەزى ئوغۇز قىپچاقلارنىڭ سۆزى. 1- توم، 137- بەت.

3) puskec (پۇسكەچ): كاكچا. 1- توم، 590- بەت.

4) toquc (توقۇچ): توقاچ. 1- توم، 464- بەت.

5) qorek (چۆرەك): توقاچ. 1- توم، 504- بەت.

6) cuqmin (چۇقمىن): ھور ناننىڭ بىر خىلى. نېپىز ۋە سىڭدىشلىك كېلىدۇ. 1- توم، 578- بەت.

7) komec (كۆمەچ): كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان. 1- توم، 467- بەت.

8) kozmen (كۆزمەن): كۆمەچ. 1- توم، 579- بەت.

9) sincu (سىنچۇ): گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان، خۇيلىما. 1- توم، 544- بەت.

10) qatma yugha (قاتما يۇغا): قاتلىما، ياغدا پىشۇرۇلغان نېپىز نان. 1- توم، 564- بەت.

11) qaqurghan (قاقۇرغان): قاتلىما. ماي بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان. 1- توم، 672- بەت.

12) yugha (يۇغا): قاتلىما نان. 3- توم، 44- بەت.

13) yarma yugha (يارما يۇغا): بىر خىل قاتلىما نان. 3- توم، 44- بەت.

14) avzuri (ئاۋزۇرى): بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق (قوشۇقلۇق نان). 1- توم، 197- بەت.

15) poxkal (پوشكال): پوشكال. بىر خىل يۇپقا نان. خاقانىيە تىلىدا. 1- توم، 628- بەت.

16) quyma (قۇيما): قۇيماق. خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ، قازاندىكى ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ. 3- توم، 239- بەت⑬.

11- ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك قائىدە- يوسۇنلىرى، ئۆرپ- ئادەت، ئەدەپ- ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ئۇردىلاردىكى يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىممەتلىك بايانلارنى يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ 36-، 37-، 65-، 66- بابلىرىدا «باش ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا»، «زىياپەتكە چاقىرىش قائىدە- يوسۇنلىرى»، «زىياپەتكە بېرىش قائىدە- يوسۇنلىرى» قاتارلىق قائىدە- يوسۇنلار توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان. ئەسەردە يەنە، ناننىڭ شۇ دەۋردىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بايانلار بولۇپ، بىزنى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ نانغا بولغان تونۇشى توغرىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، «ئەسكەرلەر ئۈچۈن تەمىنلىنىدىغان قورال- ياراغ، ئات، ھەربىي كىيىم، نان، تۇز ۋە يېمەكلىكلەر مول بولۇشى لازىم». بۇنىڭدىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، نان شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئاساسىي ئوزۇقلۇقى بولۇپلا قالماي، دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى بولغان ئەسكەرلەر ئۈچۈنمۇ تەييارلايدىغان ئاساسىي ئوزۇقلۇقلاردىن بىرى بولغان.

ئىزاھاتلار:

① بەختىيار باۋۇدۇن: «ئۇيغۇر نان مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1998- يىللىق 3- سان.

② ئۆزقان ئىزگى: «ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى ھەققىدە» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ۋاڭ يەندېنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى»نىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003- يىل 5- ئاي 1- نەشرى، 89- ، 91- بەتلەر.

③ چيۇچۇجى: «ئەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، 2- توم. (جۇرئەت ئابدۇخېلىل: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نان مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، ناملىق ماقالىسىدە ئېلىنغان نەقىل، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2006- يىللىق 1- سان).

④ چيۇچۇجى: «ئەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، 1- توم. (جۇرئەت ئابدۇخېلىل: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نان مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، ناملىق ماقالىسىدا ئېلىنغان نەقىل، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2006- يىللىق 1- سان).

(ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدا)



www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر سەنئىتى - جۇۋاز



主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层）
电话：(0991)4554017　传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60　广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001　定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION
16 Gongti E. Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, P.R.China
E-Mail: ...@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004652

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58　باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040